# تېيىپجان ئېلىيېۋ
# شېئىرلىرى

1

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

铁依甫江诗选:维吾尔文/铁依甫江著. －北京:民族出版社,1997.6

ISBN 7－105－02785－1

Ⅰ.铁… Ⅱ.铁… Ⅲ.诗歌－作品集－中国－当代－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(97)第 02429 号

民族出版社出版发行

(北京市和平里北街 14 号. 邮编:100013 电话:010－64228007)

民族出版社排版中心照排 民族印刷厂印刷

各地新华书店经销

1997 年 8 月第 1 版 1997 年 8 月北京第 1 次印刷

开本:850×1168 毫米 1/32 印张:13¾

印数:0001－1300 册 定价:10.50 元



ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ

www.uyghurkitap.com



ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە



ئىجادىيەت ئۈستىدە



بېيجىڭدا داۋالىنىۋاتقاندا، سەيپىدىن ئەزىزى يوقلىدى



ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن بىللە



غۇلجىدا ئاممىغا شېئىر ئوقۇپ بەرمەكتە

زوق-شوق بىلەن ناخشا ئېيتماقتا



www.uyghurkitap.com



مۇھەممەت رەھىمگە تو[illegible]
ئىشلەشنى تاپىلىماقتا

1986-يىلى سادىر پالۋان
قەبرىسى ئالدىدا



# مۇندەرىجە


نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن .......................... (1)

جەڭچى ئاكامغا.................................... (1)
جانان ئۇچۇن .................................. (2)
گۈلۈمگە ......................................... (4)
قىش كەتتى........................................ (6)
تەسەددۇق ...................................... (7)
بىتىم بولسا راست بولسۇن ........................ (9)
بەخت ئارزۇسىدا ................................. (11)
يېڭىش ئۈمىدى ................................... (13)
كۈرەش ........................................... (15)
كۆكلەم جىلۋىسى .................................. (17)
يارات............................................ (20)
ئاداققى سۆزۈم ................................... (23)
ۋىسال ئۈمىدى .................................... (25)
ناۋايى ........................................... (27)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شېرىن ئارزۇلار ........................ (29)
كۆرەش ........................ (32)
لۈتپۇللاغا ........................ (33)
بىزنىڭ كۆنلەر ........................ (35)
يارنى سېغىندىم ........................ (39)
يار ئىشقىدا ........................ (40)
ئۆرتىدى ........................ (41)
بىزنىڭ دەۋرىمىز ........................ (42)
كۆرەشچان تاڭ ........................ (45)
كۆت مېنى ........................ (48)
لېنىن ئۆلمىدى ........................ (50)
تاڭمۇ يېقىن ........................ (52)
كەل، جېنىم ........................ (54)
يۈرەك قېتىدىن ........................ (57)
مارت تۆيغۇلىرى ........................ (58)
ياشلىق ........................ (61)
بىزنىڭ ناخشىمىز ........................ (63)
تاڭ ناخشىسى ........................ (66)
دولقۇن يامرىدى ........................ (67)
سېنىڭ ناخشاڭ ........................ (72)
كېلەچەككە سالام ........................ (74)
سالام ........................ (76)
ئىشەنچ ........................ (77)
كۈن چىقىشنىڭ تېڭى ئاتتى ........................ (80)

خىتابىم ........................ (81)
بۈگۈن ........................ (85)
ئۆمەر مۇھەممەدى خاتىرىسىگە ........................ (86)
كې جۇڭپىڭ ........................ (88)
ياشلىقىم ........................ (90)
توي ........................ (91)
سوۋېت ئېلى ........................ (95)
تىنچلىق يېڭىدۇ ........................ (101)
گوڭچەنداڭ ھەققىدە قەسىدە ........................ (104)
جۇ زۇڭسىلىڭغا ........................ (110)
دەرد ........................ (112)
تارىخنىڭ ھۆكمى ........................ (119)
ماۋجۇشىغا خەت ........................ (124)
دېھقان قىزنىڭ ناخشىسى ........................ (136)
كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا ........................ (138)
تىل تاپسام ........................ (142)
نېگىر سولداتىنىڭ خېتى ........................ (143)
چاۋشيەنگە كېتىۋاتىمەن ........................ (161)
قىزنىڭ ناخشىسى ........................ (164)
سالام مەردلەر ۋەتىنىگە ........................ (166)
بىز سىلەرنى ئەسلەيمىز ھامان ........................ (167)
دوستلۇق قوشىقى ........................ (174)
قېنى، دوستۇم، كۆتۈر قەدەھنى ........................ (175)
تاغنى كۆرسەم ........................ (178)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىنچلىق توغرىسىدا ناخشا ................................ (180)
بىر كېچە ................................ (187)
ئۇنتۇمايمەن................................ (190)
سېغىنىش ................................ (195)
باھار شاملى ................................ (196)
ئالدانغان قىزغا ................................ (198)
ئانا تۇپراق ................................ (199)
بەخت ................................ (202)
توي ئۈستىگە توي ................................ (207)
كەچ كۈزدە ................................ (210)
ۋالاقتەككۈرۈۋنىڭ ئۆلۈمى (ساتىرا) ................................ (212)
يۈرەك سۆزى ................................ (221)
شۇنداق قىزنىمىز كۆرەشنى ئەمدى ................................ (229)
مەن سوتسىيالىستىك شەھەر ئادىمى ................................ (232)
بۇلبۇلۇم (مۇۋەششەھ) ................................ (235)
مۇھەببەت ................................ (236)
موسكۋادا بىرىنچى ماي ................................ (238)
رازلىۋ بويىدىكى كەپە ................................ (240)
سالام، قازاقىستان................................ (242)
ئىسسىق كۆل................................ (245)
توختاپ تۇر، كۈن................................ (248)
گۈلدەستە ................................ (249)
”ئاۋرورا“ ................................ (250)
قىزىل گالستۇك ................................ (252)

گوركىي مۇزېيىدا ........................ (254)
ھەيران مەن ........................ (258)
ۋەتىنىم ........................ (260)
بەخت يۇلتۇزى ........................ (263)
تۇگىمەس ناخشا ........................ (264)
بىلمەپتىمەن ........................ (266)
بىرىنچى خەت ........................ (268)
مىلتىقىمنى بەرگىن قولۇمغا ........................ (270)
كۆمۈر ھەققىدە ........................ (273)
كۆك بۇغداي ........................ (275)
ساك مۇدىرىنىڭ ”زىيانداشقا قارشى“ ئاجايىپ تەدبىرى
توغرىسىدا قوشاق ........................ (276)
سېغىنىپسەن ........................ (282)
دوستلۇق بەزمىدە ........................ (283)
ئايدىڭ ھەم قاراڭغۇ ........................ (284)
قار ئۈستىدىكى قۇش ........................ (285)
ئەلەم ........................ (287)
بۈگۈن ھەم ئەتە ........................ (289)
پۇشايمان ........................ (291)
دەۋرىم — بەختىم ........................ (293)
قىزىل بايراق ........................ (295)
سارىيە ........................ (297)
ئۆزۈم ئۆزگەندە ........................ (305)
يېڭى يىل ھارپىسىدا ........................ (307)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈستەڭدىن خەت ........................ (309)
بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسى ........................ (312)
سۇ كەلدى ........................ (316)
يېڭى يىل تۇيغۇسى ........................ (319)
كەلدىم ........................ (321)
ئۈتكەل ........................ (323)
ستۆپېنسونغا رەددىيە ........................ (327)
بىز ئەسرىمىزنىڭ چىن تۆمۈرلىرى ........................ (332)
"ئاساسەن"نىڭ شىكايىتى ........................ (336)
ئۇرچۇق باتۇر ........................ (342)
. . . لاشتۇرۇپ ........................ (347)
ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ........................ (349)
جەڭچىنىڭ باغرى ........................ (353)
لەۋلىرىڭنى شۇ ئۇزۇمگە ئوخشاتتىم ........................ (355)
بۇيلۇقنىڭ تويى ........................ (357)
ۋەتىنىم شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ ........................ (359)
ۋەتەن بايرىمىغا ........................ (367)
زەپەرنامە ........................ (369)
ئەسلەش ........................ (373)
پېشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھىتى ........................ (379)
ۋەتىنىمنى كۆيلەيمەن ........................ (384)
مەلىمىزدىن پويىز ئۆتىدۇ ........................ (387)
بەخت باھارى ........................ (389)
پولات دۇلدۇل ........................ (391)

تانسىدىكى سۆھبەت........................................ (397)
يارىم بۆ يەردىن كەتكىدەك ........................ (400)
سەيلىدە ..................................... (401)
لۆيداغا مەدھىيە ........................................ (404)
سىر نەدە ........................................ (406)
تومىنجاڭ بويىدا........................................ (408)
رىۋايەتنىڭ مەنىسى ........................................ (411)
خۇجى ........................................ (414)
مېيخۇا گۇلىگە مەدھىيە ........................................ (417)
يۇيخۇاتەيگە زىيارەت........................................ (418)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يارقىن نامايەندى-
سى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى شائىر
تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى توپلىمى «يانتاق» نى نە-
شرگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، تولۇق شېئىرلار توپلىمىنى ئىش-
لەشكە كىرىشكەندى. بەختكە قارشى، رەھىمسىز كېسەللىك
ئۇنىڭ بۇ توپلامنى پۈتكۈزۈۋېلىشىغا ئىمكان بەرمىدى. ئۇ پەقەت
139 شېئىرنىلا رەتسىز كۆچۈرۈپ قويالىدى، ھەتتا بۇلارنى
يېزىلغان ۋاقتى بويىچە رەتلەشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

ئۇ بىز بىلەن ۋىدالىشىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى، شىنجاڭ
تىببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ 1-دوختۇرخانىسىدا ياتقان چېغىدا ماڭا:
—بوۋايلارنىڭ ”ۋاقتىڭنى غەنىمەت بىل، ئۆمرۈڭگە ئىشەن-
مە“ دېگەن سۆزىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمەپتىمەن.
مېنىڭمۇ نى-نى ئىشلارنى قىلىۋالغىلى بولىدىغان نۇرغۇن ۋاقتىم
زايە بولۇپ كەتتى. . . ئادەملەر بۇ سەۋەنلىكنى جان ھەلقۇمىغا
كەلمىگۈچە بىلمەيدىكەن،—دەپ چوڭقۇر ئۇھ تارتقانىدى.

بۇ سۆز مەندىمۇ ھەسرەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقانلىقى ئۈچۈن
تەسەللىيگە تىلىم بارمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى بىر ئاز ئوڭشىۋالغان-

دىن كېيىن يەنە سۆز باشلىدى:

—سەن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ تولۇق توپلىمىنى ئىشلەپ ياخشى قىلدىڭ. ئەمدى مېنىڭكىنى ئىشلەپ بەر. يالغۇزلۇق تارتىپ قالغۇدەك بولساڭ ئابلىمىت سادىقنى قوشۇۋال. قانداق؟ ئىشلەپ بېرەلەمسەن؟ سالامەتلىكىڭ يار بېرەمدۇ؟

—ھازىرچە يار بېرىدۇ. مۇمكىن بولمىغۇدەك ئەھۋالغا دۇچ كەلسەم، ئۇنىڭ چارىسىنى قىلارمەن،—دېدىم مەن.

—ئۇنداق بولسا، تولۇق توپلىمىنى قانداق ئىشلەش توغرىسىدا ئويلاپ قويغانلىرىمنى كېيىنرەك دەپ بېرەي. بۈگۈن مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەيلى. دوختۇر ئاز سۆزلە دېگەن،—دېدى شائىر.

ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت-بەش كۈندە بىر قېتىم دوختۇرخانىغا بېرىپ ئەھۋال سوراپ تۇردۇم. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دەپ بەردى، مەن خاتىرىلىۋالدىم:

1. «تۆھمەت قۇربانى» دېگەن داستانلار توپلىمىدا مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ خېلى كۆپ تۈزىتىشلىرى بار ئىكەن. بۇنىڭ بىر-مۇنچىسىنى قوبۇل قىلالمىدىم. بۇ تۈزىتىشلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، نامۇۋاپىقلىرىنى سەن ياخشىراق تۈزەپ قوي، بەزىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويساڭمۇ بولىدۇ.

2. شېئىرلىرىم ئىچىدىكى ماڭا ۋەكىللىك قىلالمايدىغان، ھېچقانداق بەدىئىي قىممىتى قالمىغان نەرسىلەرنى چىقىرىۋەت.

3. نەسرىي ئەسەرلىرىمنى ئايرىم توپلام قىلىپ ئىشلە، ياكى ئۇنى ياخشى ئىشلىيەلەيدىغان بىركىمگە تاپشۇر.

4. «ئەينەك» دېگەن نەسرىنى ۋايىغا يەتكۈزەلمەپتىمەن.

بەك ئاجىز يەرلىرىنى سەن بىر ئاز يۇقىرى كۆتۈرۈپ باق، ياخشىراق بولسۇن.

5. ئۆيدىكى ئۇستىلىمنىڭ تارتمىسىدا يوغان كونۋېرتتە تولۇق توپلامغا كۆچۈرۈۋاتقان جىق شېئىرلىرىم بار (ھېلىقى 139 شېئىرنى دېمەكچى)، سەن شۇلاردىن پايدىلان.

6. مىللەتلەر نەشرىياتى مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى بىرنەچچە كىتاب قىلىپ نەشىر قىلماقچى بولدى. كىتابلارغا قانداق ئاي-رىشنى ئۆزۈڭ بەلگىلە.

مەرھۇم شائىرىمىزنىڭ تولۇق ئەسەرلىرى توپلىمى توغرى-سىدا ئېيتقان ۋەسىيەت سۆزلىرى شۇ بولدى. بۇ، ئۈچ قېتىم-لىق ۋەسىيەتنىڭ يىغىندىسى. ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە يوق-لاپ بارسام، ئىلگىرىكىدىنمۇ كەم سۆز بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم يوقلاشقا ئۈلگۈردۇم. بۇ كۈنى شائىرنىڭ كۈندىن-كۈنگە جۈدەپ سارغىيىۋاتقان سولغۇن چىرايىدىن لەھەت لېۋىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سەزدىم. . .

1989-يىلى 20-فېۋرال كۈنى سەھەردە بىر كىم ئىشىكنى چەكتى. ئاچسام، تونۇش بىر كىشى: "بۈگۈن كېچە تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋاپات بولۇپتۇ" دېگەن شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى. مىڭلى-غان كۆڭۈللىنى تەشۋىشكە سالغان مۇدھىش قارا كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. . .

1989-يىل— ئەدەبىياتىمىز چوڭ يوقىتىشقا دۇچ كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىپ، قەلەم تەككۈزگەن جايلىرىم ئىنتايىن ئاز بولدى. كېيىن-كى مەسئۇلىيەتنى ئويلاپ، قايسى سۆزنى قانداق ئۆزگەرتكەنلى-كىمنى خاتىرىلەپ ماڭدىم.

سۆيۈملۈك شائىرىمىزنىڭ تولۇق ئەسەرلىرى توپلىمىنى ئىشلەشتە يولداشلارنىڭ ئىككى خىل پىكرى مېنى خېلى قايمۇق-تۇردى. بىرىنچىسى، ھەر قانداق ئەدىبنى دەۋر شارائىتى بىلەن باغلاپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تېيىپجاننىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى تاللىماي تولۇق ئېلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا شائىر قەلەمنى تۇلپار قىلىپ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي دەۋرلەرنى، ئۇنىڭ شۇ دەۋرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى چۈ-شەنگىلى بولىدۇ. بۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەھلىل-تەتقىقات ئۈ-چۈن مۇھىم.

ئىككىنچىسى، بىر دەملىك سىياسىي ھەرىكەتلەرگە، قىس-مەن ھادىسىلەرگە ئاۋاز قوشۇپ يازغان ئۆمرى قىسقا شېئىرلى-رىنى توپلامغا كىرگۈزمەسلىك كېرەك. مۇنداق شېئىرلىرى شائىرنىڭ ئىناۋىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ.

مەن ئاساسەن بىرىنچى پىكىرگە ئەمەل قىلدىم. ئىككىنچى پىكىرنى ناھايىتى ئاز نەزەردە تۇتتۇم (مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتى ئىككىنچى پىكىرگە يېقىنراق ئىدى). شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بار-يوقى سەككىز-توققۇزچە شېئىرنى شاللىۋەتتىم.

مەن بۇ ئىككى تومنى شائىرنىڭ سەككىز توپلىمىغا ئاسا-سەن تۈزۈپ چىقتىم. ئۇنىڭ سىرتىدا گېزىت، ژۇرناللاردىن تېپىپ قوشقانلىرىم ناھايىتى ئاز بولدى. يەنە نۇرغۇن شېئىرلى-رى قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىش كۆپ

ۋاقىت ۋە كۆپ ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا چامىم يەتمىدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مەن بۇ يېتۈك شائىرىمىزنىڭ ماڭا دوستلۇق ۋە كەسپداشلىق ئىشەنچىسى بىلەن تاپشۇرغان ۋەسىيىتىنى بىجا كەلتۈرەلىگەن بولسام ھەمدە سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزگە لايىق قىلالىغان بولسام، بۇ ئەمگىكىمنى ياشانغان چېغىمدا ئېرىشكەن ئېپتىخارلىق نەتىجەم ۋە ھوزۇر بەخش خۇشاللىقىم دەپ بىلىمەن.

مۇھەممەت رەھىم

1992-يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جەڭچى ئاكامغا

بىللە بارماق بولغىنىمدا سەن بىلەن،
كومىسسىيە كىچىك دېدى يېشىمنى.
ئۆسكەن بولسا بويۇم يەنە بىر غېرىچ،
فرونتلاردا كۆرسىتەتتىم كۈچۈمنى.

بىلەلمىدىم، كومىسسىيە دېگەنلەر
ئىرادىنى ئۆلچەمدىكىن ياش بىلەن.
ئالغان بولسا كىچىك دېمەي يېشىمنى،
ئېلىشاتتىم دۈشمەن دېگەن نەس بىلەن.

ئاڭلا، ئاكا، بۇ يىل ئۆستى بويۇمۇ،
ھېچ گۇمانسىز ئەسكەرلىككە يارايمەن.
پات ئارىدا بېرىپ سېنىڭ قېشىڭغا،
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمەن، ھارمايمەن.

1945-يىل، قورغاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يەكتى
www.uyghurkitap.com

# جانان ئۈچۈن

ياش ۋۇجۇدۇمدا مۇھەببەت ياندى، جانان، سەن ئۈچۈن،
ئاتىدىم بارىمنى، ئىشقىڭدا يۈرەك كۆيگەن ئۈچۈن.

سەن ئۈچۈن كۆيسەم مۇبادا ئوتتا تارتىپ مىڭ ئازاب،
مېنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرمەس، قاچار بەلكىم ئۇزاپ.

سېنى دەپ سۇدا ئېقىپ ئۆلسەم تۇمەن كۆلپەت كۆرۈپ،
تىرىلىپ كەۋسەر ئىچىدە ئۈزىمەن لەززەت سۈرۈپ.

جەسىدىم ياتمىسا ھېچ جايدا، شۇ تۇپراقتىن بولەك،
شۇ ماڭا جەننەت ئەمەسمۇ، ئۆزگە جەننەت نە كېرەك.

ياق، ئۆلۈمنى خالىمايمەن، ماڭا قىممەتتۇر ھايات،
شۇ ھاياتنى مەنىسىز ئۆتكۈزسەم، ئالدىڭدا ئۇيات.

ئارمىنىم يوق بار جاپانى بىللە كۆرسەم سەن بىلەن،
هەر يېڭىشىنىڭ بايرىمىدا بىللە كۈلسەم سەن بىلەن.

1946يىل، قورغاس.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## گۈلۈمگە

ئەي گۈلۈم، سىزنى ساقلاپ تۇرايمۇ،
شېرىن ئۇيقۇغا تويۇپ قانغىچە.
مەنزىلگە يېتەر سەھەر ماڭغانلار،
سىز كۆزنى ئېچىپ، بىر تولغانغىچە.
ئالدىرىمايسىزغۇ، بىر ۋاخ ئۆتىدۇ
سىز قاشقا قاچان ئوسما قويغىچە.
ئەنە، مەرىپەت سىزنىمۇ كۈتەر،
ھە، چاپسان مېڭىڭ، باش قاتۇرغىچە.
پۇرسەتمۇ يەتتى، چوڭ قەدەم تاشلاڭ،
ساقلىماس ۋاقىت ”مانا. .“ دېگىچە.
مەنمۇ ھەمنەپەس سىزگە، ئەي گۈلۈم،
بۇ يولدا جاندىن جۇدا بولغۇچە.
سادىغىسى كەتسۇن سىزگە بۇ جاننىڭ،
ئارتۇق دەرد چېكىپ، غەم يېمەڭ ئانچە.
گۈلۈم، تېز بولۇڭ، بىللە يېتەيلى،
شانلىق خىزمەتكە گۇدۇك چالغۇچە.
بۇ خىزمەت مەڭگۈ بەخت خىزمىتى،

ھارمايلى يۈرتنى ئاۋات قىلغۇچە،
كۈتكەن زاماندا يېتىپ ئارمانغا،
خۇشال كۈلگەيمىز يۈرەك قانغۇچە.

1947-يىل 10-ئاپرېل، قورغاس.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## قىش كەتتى

تېلەتىدىن قار ياغقان،
ئايىغىغا مۇز تاققان،
پۇركۇپ سوغۇق دېمىنى،
خۇددى چاياندەك چاققان—
شەپقەتتى يوق سەپرا قىش
سېزىپ يازنىڭ ئېسمىنى،
قاچتى ئەمدى دىڭگاكلاپ،
تۆكۈپ سوغۇق يېشىنى.
قېرىپ قالدى ئاۋاق قىش،
تېنىدە يوق قۇۋۋەتتى.
ئۇچتى باهار شامىلى،
كەلمەكتە ياز نۆۋەتتى.
"قىشنىڭ كەينى ياز" دېگەن—
كونىلاردا ماقال بار.
ئالدىرىمايلى سەيلىگە،
ئالدىمىزدا دوقال بار.

1947-يىل، قورغاس.

# تەسەددۇق

تەسەددۇق، جان تەسەددۇق،
ساڭا جانان، تەسەددۇق.
سېنىڭ ئۈچۈن بارلىقىم
ھەمدە ئارمان تەسەددۇق.

جانانىم سەن ۋەتىنىم،
بەخشەند ساڭا بۇ دىلىم،
سېنىڭ ئۈچۈن بۇ تېنىم
بولسۇن قالقان، تەسەددۇق.

سۇناي ساڭا قېنىمدىن،
ماڭلايدىكى تېرىمدىن،
قوشىقىمدىن، شېئىرىمدىن
ئۈنچە-مارجان، تەسەددۇق.

www.uyghurkitap.com

بار ئىكەنمەن جاھاندا،
مېنىڭ ئىشقىم جانانىدا.
ئەجەل يەتسە مەيداندا،
بولاي قۇربان، تەسەددۇق.

1947-يىل، قورغاس.



## بىتىم بولسا راست بولسۇن

ئۇن بىر ماددا تىزىلدى،
ئاق قەغەزگە يېزىلدى.
ئىمزا قويۇپ ۋەكىللەر،
بىتىم بولۇپ تۈزۈلدى.

ئەكسىيەتچى بۇزۇقلار،
ئالدامچىلار، ئوششۇقلار،
ئەمەل قىلماي بىتىمگە،
قوترىماقتا ئوچۇقلا.

يورغىلىتىپ سۆزىنى،
بوياپ ئەلنىڭ كۆزىنى،
ئوغرى ”ئوغرىنى تۇت“ دەپ،
ئاقلىماقچى ئۆزىنى.

تېنىپ ئون بىر مادددىن،
ئىشنى بۇزۇپ ئالدىدىن؛
سەۋر قىلىپ بەرگەنچە،
ئېشىپ كەتتى هەددىدىن.

ئاق-قارىنىڭ پەرقى بار،
سەۋرنىڭمۇ چېكى بار.
بوزەك ئەمەس خەلقىمىز،
كۆرەش قىلىش هەققى بار.

بىتىم بولسا راست بولسۇن،
هەقىقەتكە ماس بولسۇن.
خەلقچىللىق يولىغا
مۇستەهكەم ئاساس بولسۇن.

بىتىم ئورۇندالمىسا،
خەلقچىللىق بولمىسا،
توختىمايدۇ كۆرەشمۇ
خەلق هۆرلۈك ئالمىسا.

1947-يىل مارت، قورغاس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بەخت ئارزۇسىدا

تۇنجۇقۇپ غەم-قايغۇ تۇماندا ئۆتتى كۆپ هايات،
ئاهۇ پەريادلار كۆتۇردى، تاپمىدى تەلەي-مۇرات.

قانچە ئادەملەر ئېسىلدى شۇم ئەجەلنىڭ دارىغا،
قانچە مەقسەتلەر كۆمۇلدى قارا زۇلمەت غارىغا.

قانچىلار شۇ بەخت ئۇچۇن جان رىشتىسىنى باغلىسا،
ئاچ، يېلىڭ زىندان ئىچىدە كۆكرىكىنى داغلىسا؛

يەتمىدى بەخت مەنزىلىگە قانچە شېرىن ئارمىنى،
قازدى تاغلار، كەتتى ئاخىر قانچە پەرهات دەرمىنى.

رەهمى قىلماي ئۆتتى يىللار، ئۆتتى قۇيۇن قۇترىشىپ،
بەخت دېگەن دەردمەنگە هەر دەم تۇردى پېشكەل پۇتلىشىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانۇ تەر تۆككەن كىشىنىڭ قولى بەختكە يەتمىدى،
ئەمما راھەت مۇتتەھەملەرنىڭ قولىدىن كەتمىدى.

مۇتتەھەملەر مۇتتەھەملىك تەختىگە سۇلتان بولۇپ،
ئەمگەك ئەجرى-بەخت ئىشىكىگە سېلىپ كەلدى قۇلۇپ.

ئاخىرى زامانىمىز ئەل ئارزۇسىغا جان بېرىپ،
ياتمىغىن، دېدى، قارا تەقدىرگە ئەمدى تەن بېرىپ.

سىر ئېچىلدى، ئەمدى يەتتۇق قارا تەقدىر تەكتىگە،
ئۆملىشىپ مەيداندا مۇش ئاتتۇق زۇلۇمنىڭ تەختىگە.

قېرى تىيانشان باغرىدا يامرىدى تەۋرەش دولقۇنى،
ئەنە، تاڭنى ئويغىتىپ، يانماقتا ئىقبال چولپىنى.

ئارزۇمىز مەھبۇبى—بەخت كەلمەكتە ئېچىپ كەڭ قۇچاق،
چىقىمىز ئىقبالغا ئەمدى ياڭرىتىپ باتۇر قوشاق.

1947- يىل.

# يېڭىش ئۈمىدى

كارابتەك ئىشق دەرياسىغا كىرىپ ئۆز غولاچ تاشلاپ،
توسالغۇ، پۈتلىكاشاڭلىق سىنى يېڭەلمىسۇن ئەسلا.

سادىر ئىچكەن، ئەۋلاد ئىچكەن بۇ نۇسرەتنىڭ شارابىدىن،
سەنمۇ ئىچكىن، يۈرىكىڭگە يېڭىلمەس كۈچ-قۇۋۋەت راسلا.

ئۇلۇغ مەنزىلنى كۆزلەپ ماڭ، ھەقنى قىلغىن قىبلىگاھ،
سائادەتلىك بەخت چاغنى ئېلىنىڭ ئارزۇسىغا باغلا.

بۇ خەلقىڭ تارتمىسۇن كۆپ دەرد، دەردىگە داۋا تاپقىن،
چاۋاك چالسۇن شەرىپىڭگە ئەر-خوتۇن، قېرى-ياشلار.

بۇ خەلقىنىڭ ھاياتىغا مېھرىبان بولغۇچىدۇر سەن،
بۇنى سۆيگۈچ، بۇڭا كۆيگۈچ بار سەندىن كىمى باشقا.

كۆزۈڭگە ئۇيقۇ يولاتما، كۆڭۈل تۇيغۇسىنى ئويغات،
يىلتىزىدىن گۇمران بولسۇن ۋەتەن ساتقۇچى ئىپلاسلار!

غىڭشىش چېغى ئۆتۈپ كەتكەن، كۆڭۈل ئىزدەيدۇ شادلىقنى،
ئەمدى تويلار ئوينايمىز چېلىپ دۇتار، ئېيتىپ ناخشا.

1947-يىل ئۆكتەبر.



# كۆرەش

كۆرەشسىز ھاياتتا ھەر دەم مۇسىبەت،
قايغۇ-ئەلەمدىن داغلار ياسىلار.
قاپقارا داغلار دۆۋىلىنىۋەرسە،
مەڭگۈ مەھكۇملۇق چاغلار ياسىلار.

كۆرەش ئىسىلدۇر، تەڭداشسىز ئىسىل،
ئۇ ھاياتنىڭ ھەرىكەت تومۇرى.
توختالسا تومۇر ھامان ھەرىكەتتىن،
تامامدۇر جاننىڭ ھاياتلىق ئۆمرى.

كۆرەشسىز ياشاپ كۆرمەيسەن يورۇق،
كۆرەشسىز ئۆمرۈڭ زىندانلارغا بەند.
بىر كۈن جاندىن قالىسەن قورۇق،
ئۈستىخان جىسمىڭ بولۇر پاراكەند.

مەڭگۈ بەختنى كۆزلىسەڭ، يولداش،
ھەر دەم كۈرەش قىل، چېلىشىپ تاۋلان.
قارا كۈنلەرنىڭ سىرىنى قىلىپ پاش،
يەر ھەم ھاۋادا ئەيلىگىن جەۋلان!

قىسقىچە ئېيتسام، كۈرەش دېمەكلىك:
ھايات ئاچقۇچى روشەن نۇر-چىراق.
جاپا-مۇشەققەت تارىختا ھامان
كۈرەش بىلەن كەتكەندۇر يىراق.

بەخت قۇشى بەخت تاجىنى ئېلىپ،
ئاسماننى بويلاپ ئايلىنىپ ئۇچار.
كىمكى كۈرەشنى سۆيسە دىلىدا،
شۇڭا تاجىنى كىيگۈزۈپ قويار.

ھەق-ئادالەتلىك كۈرەشچى ئەللەر
بەخت دىلبىرىنى سۆيۈپ قۇچاقلار.
ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشكەن ئەلگە
مەڭگۈ باقىيدۇر بەختلىك چاغلار.

1947-يىل دېكابر.

# كۆكلەم جىلۋىسى

گۈر-گۈر ئۈچقان كۆكلەم شامىلى،
تەبىئەتنى ئويغىتىپ،
جىلۋە قىلىپ يەنە كەلدىڭلار.
ھەيدىۋېتىپ قىش-زېمىستاننى،
گۈزەللىككە ئوراپ جاھاننى،
زەپمۇ ئىللىق قۇچاق يايدىڭلار.

كۆكلەم شامىلى،
ئۈچقىنىڭلارنى سېزىپ،
ئويقۇنى بۇزۇپ،
بېزەنمەكتە باغلار، ئېتىزلار،
تاغلار، توقايلار.
دولقۇنلۇق سۇلارنى شاۋقۇن سالدۇرۇپ،
ئۈزدۈردى باغرىدا ئۆستەڭلەر، سايلار.

ئەي كۆكلەم شاملى،
كۆمدۈڭلار تەبىئەتنى
زەپ ئىللىق پۇراقلارغا.
سىلەرگە ئەگىشىپ كەلگەن نەغمىچى—
باهار قۇشلىرى
چەرخ ئۇرۇپ سايرايدۇ
قونۇشۇپ بىخ سۇرگەن شاخلارغا.
ئەمگەك قىزىتىپ ئېتىزدا دېھقان
ناخشا ئېيتقاندا،
كېتىدۇ، هە، قانداق ئۇزاقلارغا!
پاھ، مۇنداق ناخشىلار
نېمە دېگەن يېقىملىق—
ئاڭلىنىدۇ قۇلاقلارغا. . .

ئەي كۆكلەم جىلۋىسى،
بولساڭلارمۇ قانچە يېقىملىق،
قالدۇرساڭلارمۇ ئادەمنى هاڭ-تاڭ؛
بىراق سىلەر تەبىئەتتىلا
هەر يىل ئۇچۇن بىر قېتىملىق تاڭ.

شۇڭا سىلەر مېنىڭ كۆڭلۈمگە
تولۇق ئارام بولالمايسىلەر.
مىلىڭ ناخشا ئېيتىپ،
ئۇسسۇل ئويناپمۇ

بەختىمنى تازا ئاچالمايسىلەر.
ئىنسانىيەتنىڭ سائادەت تېگى
مېنىڭ مۇرادىم؛
ئاھ،
يېتىشكەندە ئاشۇ تاڭغا مەن،
مېنىڭ پۈتمەس خۇشال ناخشامنى
ئاندىن راسا ئاڭلىيالايسىلەر.

1948-يىل مارت، قورغاس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يارات

ئەي كۈرەش، قوينۇڭدا تاۋلاپ، مەردۇ مەيدانلار يارات،
ئاغدۇرۇپ غەپلەتنى، دىللاردا ئۇلۇغ ئاڭلار يارات،
زور نىشانلار كۆزلىگەن مەقسەتكە ئىمكانلار يارات،
قان تۆكۈپ ئالغان زەپەرگە زور شەرەپ-شانلار يارات.
سۇر قارا تۈن دەھشىتىنى، ھۆر، ئازاد تاڭلار يارات.

جۇت، زىمىستان دەھشىتىدىن قانچە بوستانلار خاراب،
قانچە يۇرتداشلار زۇلۇم قىستاۋىدا چەكتى ئازاب،
بىرەھىم "ئالىيجاناب"لار ئەجىرسىز بۇلاپ-تالاپ،
ئەلنى قىلدى بىمادار شۇم يالماۋۇزدەك قان شوراپ،
تەندە تاقەت قالمىدى، ھەقىقىي دەۋرانلار يارات.

دەردتە يانچىلغان يۈرەكتە، قالمىدى زەررە چىداش،
ئاھۇ ۋاي-دادلار بىلەن كەتمەيدۇ كۆزدىن زادى ياش،
مەيلى دەيدۇ دىل غەزەپتە ۋەسلى ئىزدەپ كەتسە باش،

خار ھاياتنىڭ لازىمى يوق، چاچمىسا نۇرىن قۇياش،
نۇرغا چۆمگەن ياپيېشىللىق باغۇ بوستانلار يارات.

ۋادەرىخ، ئۆز يۇرتىدا خار-زار بولۇش بەك ئار ئىكەن،
قانچە قورۇنغانسېرى ئالەم ساڭا بەك تار ئىكەن،
تۇلكىلەرنىڭ ئەھدى چىن دەپ ئىشىنىش بىكار ئىكەن،
بەس، كۈرەش دەپ جاننى ئاتساڭ، ساڭا ھۆرلۈك يار ئىكەن،
تامچە قانلار ئەجرىگە رەڭدار گۈلىستانلار يارات.

چىقمىدى ئەستىن پەقەتلا ئوق يىلاندەك قامچىلار،
يەنە ئۇنىڭ دەھشىتىدىن ئىگرىماقتا قانچىلار،
قانچە داملار قۇردى يولغا شۇم نىيەتلىك دامچىلار،
ئۆزى چۈشسۇن ئۆزى قۇرغان دامىغا ئالدامچىلار،
دامچى ھەم داملارنى چەيلەپ، بىخەتەر يوللار يارات.

بىزدىكى ئىشقى-مۇھەببەت ساختىدىن پاك، بىغۇبار،
بىزدىكى ئارزۇ-ئۇمىدلەر مەڭگۈلۈك ھۆرلۈك باھار،
چىقمىغاي ئارمانىمىز ئەل-يۇرتنى قىلماي بەختىيار،
ھۆر-ئادالەت مەنزىلىگە كۆڭلىمىز بەك ئىنتىزار،
سۆر ئەلەملەرنى، كۈرەش، شادىيانە خەندانلار يارات.

ياشنىسۇن بىردەك ئېلىمدە ھۆر-ئازادلىق گۈللىرى،
سايرىسۇن ئەركىن ئۇچۇپ قەپەستىكى بۇلبۇللىرى،
ئېچىلىپ شادلىققا تولسۇن ئىگرىغانلار دىللىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەجرىمىزگە يوللىسۇن شان ھەر كۆرەشچان يىللىرى،
باغرى تاش دۈشمەن دىلىدا مىڭ پۇشايمانلار يارات.

تېز يوقالسۇن بۇ ئېلىمدىن شۇم، بۇزۇق، شەرمەندىلەر،
ھۆر-ئازاد بولسۇن زۇلۇم زىندانىدىكى بەندىلەر،
ئال قەلەمنى، جۇرئىتى، دۈشمەنگە يوللا زەربىلەر،
شۇ چېلىش پەللىسىدە كۆتمەكتە بىزنى غەلىبىلەر،
غەلىبىلەرنىڭ تارىخىدىن يېڭى داستانلار يارات.

1948-يىل مارت، قورغاس.



# ئاداققى سۆزۈم

تالڭ بولىقىدىن ئىچسەك شاراب دەپ،
يانغاچقا كۆڭۈلدە ئۈمىد يالقۇنى؛
ئاتتۇق ئۆزىمىزنى چېلىش قوينىغا،
بولمايمىز ئەمدى دەپ زۇلمەت توتقۇنى.

قىپقىزىل قانلارنى سەلدەك ئېقىتتۇق،
دەشتلەرنىڭ باغرىنى گۈل قىلماق بولۇپ.
جۇدۇنلار لەشكىرىنى ئۇرۇپ يىقىتتۇق،
باھار قۇياشىدىن نۇر ئالماق بولۇپ.

ئارزۇمىز دۇنيادا مەڭگۈلۈك باھار،
ئېلىشىمىز ئۇنىڭ ۋەسلىنى ئىزدەپ.
بىز نېچۈن ھەر نەپەس بولمايلى ھوشيار،
تۇرسا تۇن كۇندۇزنى قاپلاشنى كۆزلەپ.

قانداق ئوراپ ئالسۇن خىجالەت بىزنى،
ئۆسۈۋاتسا دىلدا چېلىش تۇيغۇسى.

قانداق بوزەك قىلسۇن جاھالەت بىزنى،
بولمىسا كۆزىمىزدە غەپلەت ئۇيقۇسى.

چەكمەيمىز نادامەت، ئەنە كۈلمەكتە
بەخت دىلبەرلىرى كۆكسىنى كېرىپ.
ئەنە، سۇزۇك مەقسەت چاڭنى سۈرمەكتە،
قۇياش خۇش كۈلمەكتە ئۇپۇقنى يېرىپ.

مەنمۇ چېنىقىشنىڭ چوڭ قاينىمىدا،
جەڭگىۋار بوۋايلار باسقان ئىزدا مەن.
قىلچە قىڭغىرلىق يوق نىيەت ئايىغىدا،
ھېلىمۇ شۇ—باشتا قىلغان سۆزدە مەن.

جان ۋەتەنگە بەرگەن ئوتلۇق قەسىمىم
يالقۇنلۇق يۈرىكىمدە مەڭگۈگە يانار.
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى، قالىدۇ ئىسمىم،
قەبرەم ئۈستىدە گۈللەر ئېچىلار.

ئاداققى سۆزۈم شۇ، ئاڭلا خالايىق،
بۇ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر، چىن سىرى.
ئەركىنلىك، ھۆرلۈك كىملەرگە لايىق،
تەلەپ قىلسۇن ئەجرىنى ماڭلاي تېرى!

1948-يىل ئاپرېل، قورغاس.

# ۋىسال ئۈمىدى

نۇر جامالىڭغا تىكىپ كۆز دىلدا ئاشتى ئىشتىياق،
ئورنىدى ئىشقىڭ نۇرىدىن بۇ دىلىمغا بىر چىراق.

سەن كەبى غەمخور نىگارنىڭ ۋەسلىدىن ئايرىلغىچە،
بىر يولى جاندىن كېچىپ ئۆلگەن تۇمەن قات ياخشىراق.

كىم چىدار بىر دەم سىنىڭ ۋەسلىڭدىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ،
مىڭ بەختسىزدۇر كىشى ۋەسلىڭدىن ئايرىلسا يىراق.

ئىشق ئۇچۇن رىغبەت سۆزۈڭگە جان تەسەددۇق، ئەي نىگار،
ئۆزگىدىن سۆيگۈ سۆزىنى ئاڭلىماس زادى قۇلاق.

ئاشنالىق بىرلە يەتتىم ھەر سۆزۈڭنىڭ تەكتىگە،
نە قىلاي مەن، ئەي نىگار، جېنىمنى كۆيدۈردى پىراق.

مېنىڭ جاپا دەشتىنى كەزدىم ۋەسلى گۈلزار ئاختۇرۇپ،
ھەر مۇشەققەت كەلسە كۆڭلۈم بولمىدى سەندىن يىراق.

بىر نەپەس ئۆتمەس سىنىڭكى ئىشقى زىكرىڭسىز پەقەت،
بۇ دىماغ ئالغاچ ئەزەل ئىشقىڭ گۈلىدىن بىر پۇراق.

ھەر زامان باقسام يۈزۈڭگە دىلدا تەۋرەيدۇ ھۇزۇر،
ئاھ، شىرىن سۆھبەتلىرىڭگە يۈرىكىم بەكمۇ ئىناق.

1948-يىل.



# ناۋايى

جاھان سەنئىتىنىڭ تاجى ناۋايى سەن،
ئىلىم چەككەن كۆڭۈلنىڭ گۇل سارايى سەن.

يېرىپ چىقتىڭ قۇياش ئوخشاش بۇلۇتلارنى،
قىلىپ ئاشنا كۆرەشكە ھەر مىنۇتلارنى؛

جاھان سەۋداسىنى ھەق كۆز بىلەن كۆردۈڭ،
ساپ ۋىجدانىڭدىن ھەقىقەتكە كۆڭۈل بۆلدۈڭ.

پۈكۈپ دىلغا شەرەپ-شانلىق تىلەكلەرنى،
ئىجادىڭدىن ئېچىلدۇردۇڭ چېچەكلەرنى.

كىيىپ ئالغاچ گۈزەل تىلىنىڭ لىباسىنى،
ئېچىپ بەردىڭ ھەقىقەتنىڭ ئاساسىنى.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭ بىر مەرد، ھالال ئەمگەكنى دوست تۇتتۇڭ،
مۇشەققەتكە ئېگىلمەي، دىلنى ھەق تۇتتۇڭ.

پەزىلەت جەۋھىرىنى ھەممىگە چاچتىڭ،
رەھىمسىز قارا تەڭسىزلىككە ئوت ئاچتىڭ.

سۆزۈڭ بولدى ئېزىلگەنگە شېكەر سوۋغا،
سۆزۈڭ بولدى سەتەملەرگە زەھەر-ئوغا.

سېزىپ چوڭقۇر ھاياتلىقتىن ئېلىپ ئىلھام،
جاھانغا قالدۇرۇپ كەتتىڭ ئۇلۇغۋار نام.

شۇڭا بارچە نامىڭنى باش پاناھ قىلدى،
ئىجادىڭنى كۆڭۈل تەختىگە شاھ قىلدى.

شۇڭا نامىڭنى قىسقاي قوينىغا يىللار،
شۇڭا نامىڭنى مەڭگۈگە سۆيەر دىللار.

شۇڭا بارچە ساڭا ئامراق، تولا ئامراق،
شۇڭا نامىڭ ياشايدۇ مەڭگۈگە پارلاق.

1948-يىل ماي.

# شېرىن ئارزۇلار

سېغىنىمەن سېنى ھەر دەمدە ئەسلەپ،
تاتلىق ئارزۇلارنىڭ قايناملىرىدا.
سېنىڭ مۇڭلۇق ھالىڭ گەۋدىلىنىدۇ
شائىرنىڭ قايىنغان ئىلھاملىرىدا.

قىچقىرىمەن كۆڭلۈمگە خىياللىرىڭنى،
سېغىنىپ، كۆيۈپ ھەر ئاخشامدا سېنى.
ئىشقىڭدا كۈيلەيمەن ۋىسال ئارزۇلاپ،
خىيال قوينىدا ھەر ناخشامدا سېنى.

ھەر كېچە شۇنداق،
يۈرەكلىرىمنى
تەۋرىتىدۇ سىلكىپ ئۆتكۈر خىياللار.
بەزەن خىياللاردىن جاۋاب كۈتىمەن:
—خوش، نېمە دەيسىلەر؟— دەپ تاشلاپ سوئاللار.

خىياللار كۆڭلۈمگە يېزىپ قويدۇ
"يارىڭ كۈتەر سېنى" دېگەن خەتلەرنى.
خىياللار دەيدۇ:
"بەس، ھىجرانلىق پۈتسۇن،
تۈگەتمەمسەن ئىلدامراق قايغۇ-دەردلەرنى."

يۈرەك دولقۇنىدىن جۇش ئۇرغان خىيال
ھەر نەپەستە مېنى ئۈندەيدۇ ئالغا.
ئولتۇرۇپ-قوپۇشتا كۈتكىنىم ۋىسال،
چامدايمەن قەدەمنى ئۇلۇغۋار يولغا.

ئۆرگىلەي بويۇڭدىن، ئەي دىلى مۇڭلۇق،
قۇرۇتمەن بىر كۈنى كۆزۈڭنى نەمدىن.
ئاڭلىنىدىغاندۇ ۋىسال بەلگىسى،
"ئالغا!" دەپ تاشلانغان يۈكسەك قەدەمدىن.

باغرىمنى ئېزىدۇ ھىجران قايغۇسى،
كۆڭلۈمنى تولدۇرار ۋىسال ئارزۇسى.
تاتلىق ئارزۇلىرىم بويۇنلىرىدا
مارجاندەك تىزىلغان ئۆمۈر كەلگۈسى.

بۇ تاتلىق خىياللار دولقۇنلىرىنىڭ—
كۆكسىدە ئۈزىدۇ خىيالچان شائىر.

مەنىسىز كەزمەيدۇ كۆڭلۈمنى ئارزۇ،
ئارزۇلار ئىشەنچلىك، ئارزۇلار قادىر.

1948-يىل.

www.uyghurkitap.com

# كۈرەش

تىرەجەپ ماڭمىغان بىزەڭ ھاياتنىڭ
قېنىنى شورايدۇ رودۇپاي زامان.
كۈرەشچان ھاياتقا ئازادلىق ئامراق،
كۈرەشسىز ھاياتنى قىستايدۇ جاھان.

كۈرەشسىز ھايات مەنىدىن يىراق،
مەنا خەزىنىسى پەقەت كۈرەشتە.
تۇرمۇشنى كۈرەش يۈكسەلدۈرمىسە،
كېتىدۇ ئۇ چۇشۇپ قاراڭغۇ پەسكە.

1948-يىل ئۆكتەبر، غۇلجا.

## لۇتپۇللاغا

مەيداندا سىنالغان بىر مەرد ئىدىڭ سەن،
تەڭسىز زامان بىلەن قىلدىڭ كۆپ چېلىش.
كىچە-كۈندۈز دىلدا دەر ئىدىڭ: ”ۋەتەن“،
بىراق دۈشمەن كۆڭلۈڭنى قىلمىدى تىنچ.

ھەق تۇغى يەلپۈلدىگەن مەنزىلنى كۆزلەپ،
چاڭقاپ ماڭاتتىڭ چۆلدە-قاقاستا.
ھەر مۈشكۈللۈككە كۆكسۈڭنى كەردىڭ،
ئىرادەڭ شۇنچىلىك چىڭ ئىدى باشتا.

بىر ئارسلان ئىدىڭ يۈرىكىڭ تاغدەك،
يان-يېنىڭدىن ئورىغان سانسىز ئالۋاستى.
قانخور قارا دىللار، رەھىمسىز يىللار
قىلماقچى ئىدى سېنى ئاياغ ئاستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايسى كېچىلەر ئۇ، ساڭا ۋاپاسىز،
ئۆمرۈڭ ئۆتتى ھەسرەت، داد بىلەن.
زۇلمەت قۇشى دائىم بېشىڭدا ئۇچۇپ،
ئايىماي ئۇرۇپ كېتەتتى قانات بىلەن.

ئاھ، ئاشۇ جاللاتلار يالماۋۇز كەبى
ساڭا كۆز ئالايتىپ، ئېغىز ھىجايتىپ؛
ئاقلىماقچى ئۆز يىرتقۇچلۇقىنى،
پاك ۋۇجۇدۇڭغا جىنايەت ئارتىپ.

قانخور سېنى ئوۋلاپ، سېنى قاپساپ،
ئاقىۋەت چۈشۈردى زەنجىر-توزاققا.
رەھىمسىز يىللارنىڭ قىسىشى بىلەن
ئۆمرۈڭ بارالمىدى ئانچە ئۇزاققا.

قاتىللار قىلىچى چاپتى بېشىڭنى،
ئويلىدىمۇ ئۇلار سېنى ئەۋلادسىز.
ئۇنتۇمايدۇ سېنى ۋەتەنداشلىرىڭ
ھەم قىساس قۇشى ئەمەس قاناتسىز.

1948-يىل، قورغاس.

# بىزنىڭ كۆنلەر

جۇدۇنلۇق قارا كۈنلەر
تالاي ئۆمۈر شېخىنى
سىلكىپ، سۇندۇرۇپ ئۆتتى.
دەريالاپ قىزىل قاننى
يالماۋۇز بولۇپ يۇتتى.
بۇ قارا جۇت دەستىدە
دەرد-ئەلەمگە چىرمىشىپ،
ئەزىز ئېلىم ئاھ. . . دەيتتى.
ئۆلگىنىپ، دەرد ئۆلگىنىپ،
مۇڭلۇق دىلنى تەۋرەتتى.
ئوت چېچىپ بىردىن غەزەپ،
زالىملارنى تىترەتتى.
ھەر چامدامدا،
ھەر قايىنامدا
ئۇتۇق كۈلۈپ قاقاقلاپ،
ھەر يۈرەكنىڭ قاتلىمىدىن

باتۇر ھېسنى ئويغاتتى.
ھەر چېلىشتا،
ھەر يېڭىشتە
ئالغا ئاتلىغان خەلقىم
غالىپ مارشنى ياڭراتتى.

بىزنىڭ لاۋا ئېتىپ تەۋرىشىمىزدىن
تۇغۇلدى جەڭگىۋار كۈنلەر.
بۇ كۈنلەر ئەڭ قايناق كۈنلەر،
كەلگۈسى پارلاق كۈنلەر.
بۇ جەڭگىۋار كۈنلەر ئالدىدا
سۆكۈلدى قارا تۈنلەر.
بىز ياشايمىز شۇ كۈنلەردە،
يېڭىشنىڭ قاق بوسۇغىسىدا.
ئىنتىلىمىز ئەتىگە،
چوڭ تويلارنىڭ ھارپىسىدا.

ئۇزۇۋاتىمىز ئۇلۇغ دولقۇندا
كۈچلۈك غۇلاچلاپ.
كېزىپ ئۆتتۇق قانچە جەزىرىلەرنى،
كۈرەش دەۋرىنىڭ ئېغىر يۈكىنى
يەلكىمىزدە ھاپاشلاپ.
يۈرۈش قىلدۇق چۇقان كۆتۈرۈپ،
قەدەمنى يوغان تاشلاپ.

تۇزانلارغا كۆمۈلۈپ دۈشمەن،
قالدى كۆزىنى ياشلاپ.

هەر دوقمۇشتا مۇشكۇللەر
قورقۇتماقچى تېخى بىزنى،
كۆزلىرىنى ھومايتىپ.
بىزنىڭ كۇنلەر يۈكسىلىۋەردى
كۇرەش يالقۇنىنى ئۇلغايتىپ.
كونا يىللارنىڭ ئىزنتقۇلىرى
يىغلىشار تەمتىرەپ ھەر جايدا
ئىغىزلىرىنى كالچايتىپ.
يۈكسىلىمىز بىز ئىلدام،
ئۇ پاسكىنا قالدۇقلارنى
مىجىپ، دەسسەپ ماكچايتىپ.

هەي، هەي...
ئەسىرلەر قوينىدىن تالىنىۋالغان
جەڭگىۋار كۇنلەر
يېڭىشتىن چېكەڭگە تاقىدى گۇللەر
كۇرەشچان ئەللەر.
شاۋقۇنلۇق هايات قوينىدا
نۇرلۇق ئەسىرلەر ياسايمىز دەپ،
ياڭرايدۇ بۇگۇن مىليارد ئۇنلەر.
ئەسىرلەر تېڭى يورۇغاچقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېچىپ كېتىپ بارىدۇ
شەرمەندە خۇنۇك تۈنلەر.

ھەي جەڭگىۋار كۈنلەر، ساڭا بېغىشلاپ
ئېيتىمەن مۇشۇ ناخشىنى يېنىشلاپ.
بىلىمەن،
بۇگۈن دىلدىن چىققان باتۇر ناخشىنى
ئەتىكى باتۇر ئەۋلادلىرىمىز
ئېيتىدۇ مەڭگۈ ئالقىشلاپ.

1948-يىل، غۇلجا.



# يارنى سېغىندىم

ئاھ، بۇ گۈلشەن باغ ئارا دىلدارنى سېغىندىم ئەجەب،
تاڭغا تەلمۈرگەن كۆزى خۇمارنى سېغىندىم ئەجەب.
دەرد ياراسى ئۇلغىيىپ، ھەسرەت، ئەلەمدە تولغىنىپ،
ھىجرى دەردىدە سېرىق رۇخسارنى سېغىندىم ئەجەب.
ئارمىنى گوياكى تاغ، لېكىن قەپەستە باغرى داغ،
چوققىغا باققان ھامان شۇڭقارنى سېغىندىم ئەجەب.
يۈرىكىمنىڭ مېھرىدۇركى بۇ شېرىن رىغبەتلىرىم،
ھەر سۆزۈمگە ئاشىنا-خۇشتارنى سېغىندىم ئەجەب.
تاقىتىم پۈتمەكتە ھىجراندا، كۆزۈم بەك ئىنتىزار،
قاشى كامان، كىرپىكى ئوق يارنى سېغىندىم ئەجەب.

1948-يىل.

# يار ئىشقىدا

تاقىتىم تاق بولدى بارغانچە گۈزەل يار ئىشقىدا،
تەلپۈنۈپ ئۇچماق تىلەيمەن كۆككە دىلدار ئىشقىدا.
كىم مېنى مەجنۇن دېسە، لەيلىنى ئىزدەيدۇ دېگىن،
كۆيمىسە مەجنۇن بولامدۇ جانى خۇشتار ئىشقىدا.
ھەر سابادىن خەۋەر ئالسام، يار ھامان غەمكىن ئىكەن،
بارمىسام كۆيمەسمۇ باغرى ۋەسلى دىدار ئىشقىدا.
ئايلىرى ھەم يىللىرى ئۆتمەكتە زۇلمەت ئىلكىدە،
مەن نېچۇك ئارام تاپاي دەردكە گىرىپتار ئىشقىدا.
كۈن-تۈنى بۇلبۇل بولۇپ، ھەسرەت چېكىپ سايرايدىكەن،
كۆزىدىن ئاققاندۇ قانلار گۈل-چىمەنزار ئىشقىدا.
جۇرئىتىنىڭ كۆڭلىنى كۆيدۈردى ھىجرانىنىڭ دېغى،
مەيلى، بۇ جانىم پىدا ئاشىق تەلەپكار ئىشقىدا.

1948-يىل سېنتەبىر، غۇلجا.

# ئۆرتىدى

بۇ يۈرەكنى، ئەي نىگار، ئاھۇ پىغانىڭ ئۆرتىدى،
بىگۇناھ يەرگە تۆكۈلگەن لالە قانىڭ ئۆرتىدى.
جۇت زىمىستان دەھشىتى قىلغاچقا باغىڭغا ھۇجۇم،
ياشىرالماي سارغىيىپ سولغان خازانىڭ ئۆرتىدى.
پۇت-قولۇڭ زەنجىرگە بەنت تۇتقۇن كەبى غەمخانە سەن،
شۇم چايانلار ئۇۋىسى زىندان ماكانىڭ ئۆرتىدى.
كۆزلىرىڭدىن ئاقتى ياش، باغرىڭدا يالقۇنجايدۇ ئوت،
يۈرىكىمنى ياش ئەمەس، ئوتلۇق قىيانىڭ ئۆرتىدى.
ئىنتىزارلىق ئوتىدا سەكپارىدۇر باغرىڭ سىنىڭ،
جۈرئىتىنىڭ كۆڭلىنى ۋەسلى خىيالىڭ ئۆرتىدى.

1949-يىل.



www.uyghurkitap.com

# بىزنىڭ دەۋرىمىز

دەۋرىمىز كۆرەشچان، كۆرەش قوينىدا
ھېكمەت، مۆجىزىلەر كۆرسەتتى بىزگە.
ئىنتىلگەن ئارزۇلار ئورنىتىلماقتا
مۇستەھكەم ئاساسلىق ئۇلۇغ نېگىزگە.

مەيلى، يۈكسەك قەدەملەر تاشلىدۇق ئالغا،
چايانغا يالۋۇرۇش زادى ھاجەتسىز.
جانلار تەلپۈنىدۇ بەخت نۇرىغا،
ئۈمىد دولقۇنىدا يۈرەك تاقەتسىز.

ئەجىرسىز تۆكمەيمىز بىر تامچە قاننى،
ئاققان قانلار ئەنە دەۋا ئۈستىدە.
ئېخ . . قەبىھ دۈشمەنگە مىڭلەرچە نەپرەت!
ئۇلار يەنە قان تۆكۈشنىڭ قەستىدە.

بىز كۆرەشچان يىللار قويىنىدا، دىلدا—
كۆرەش تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈۋاتىمىز.
كۆرەشلەر قىزىتىپ، چېچەك ياشنىتىپ،
يىللار چېكىسىگە قىستۇرۇۋاتىمىز.

كۆرەشچان ئارزۇلار ئۇلۇغ قايىنامدا
گويا ماتروستەك غۇلاچ ئاتىدۇ.
ئەنە، گۈل-چىمەنزار ساھىل بويىدا
بەخت ھۆرلىرى بىزگە كۈلۈپ باقىدۇ.

كۆرەشچان دەۋردە كۆزلەرمۇ ئۆتكۈر،
ئوخشاش كۆرۈنىدۇ يېقىن خاھ يىراق.
دەۋرىمىز سەزگۈردۇر، دىلىمۇ سەزگۈر،
بوش خاھ چىڭنى ئوخشاش ئاڭلايدۇ قۇلاق.

كۆرەشچان دەۋردە تاۋلىنىپ پىشتۇق،
كۆكرەكلەر پولات گوياكى قالقان.
كۆرەشلەردە بىزگە ئۇچرىسا دۈشمەن،
مىجىقلىنىپ ئۈۋۈلىپ بولىدۇ تالقان.

كۆرەشچان دەۋرنىڭ قويىنىدا ئۆستۇق،
كۆرەش نىشانىمۇ پارلاق ۋە بۈيۈك.
شۇ نىشانىكىم شۇنداق شېرىن، سۆيۈملۈك،
بەس! ئۇنىڭ ئىشقىدا بار بىزدە كۆيۈك.

قورقماس باتۇر ئادەملەر تولا بىزدە،
چۈنكى دەۋرىمىزمۇ كۈرەشچان بىزنىڭ.
تىلەكلەر ئۈچمەيدۇ، شەرىپى پارلاق —
بۇ ئۇلۇغ يوللارغا بېسىلغان ئىزنىڭ.

كۈرەشچان دەۋرنىڭ شائىرلىرىمۇ
كۈرەشچان ناخشىلار ئېيتىدۇ ھەر دەم.
قېنى، دوستلار، ئۈملىشىپ پارلاق نىشانغا
ئارسلانلارچە تاشلايلى چوڭ قەدەم.

1948-يىل، ئاۋغۇست.

# كۆرەشچان تاك

تۇمانلىق كېچىلەر، دەھشەت ئۇۋىسى،
ئۆلكەم ئەك ئېغىر قايغۇ-ماتەمدە.
تاقەت قىلغۇسىز ئېچىنىشلىق ھال
قوزغايدۇ غەزەپ ھەممە ئادەمدە.
يا كۆرمەي زاماندىن بىر نەپەس ئارام،
قىينىلىدۇ جان ھەسرەت دېڭىدا.
جۇدۇنلۇق ئالەمنىڭ مۇدھىش دەستىدىن،
گۇللەر سولاشقان كۆڭۈل بېغىدا.
يوقسۇل ئانىلار كوچىدا سەرسان،
يىغلايتتى "مەمەم" دەپ ئۆيدە بوۋاقلار.
ئالۋان جاكاسى ياغدۇرۇپ دەھشەت،
ئەلنى ساۋايتتى قامچا، تاياقلار.
ئۇچۇرۇپ كېتەتتى تۆككەن ئەجرىنى
قاراڭغۇ كېچىنىڭ قويۇن تازلىرى.
تونلەر قورقۇنچلۇق، دەملەر بوغۇلغان،
قىچقارمايدۇ يا تاك خورازلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

پايانسىز چۆللەر سۇغا تەلمۈرۈپ،
چاڭقاق نەپەستە ھالسىز ياتاتتى.
رەھىمسىز يىللار ئېغىر ھىجايتىپ،
ئەندىشە ئۈستىگە ئەندىشە قاتتى.
دەۋرنىڭ قىستاڭغۇ مۇدھىش قوينىدا
ئېزىلىپ يەنجىلگەن ئىدى مىلىيونلار.
يۈرەكنى تىلاتتى زۇلۇم تىغىدا،
زۇلۇمكار، شەپقەتسىز، ۋەھشىي مەلئۇنلار.
دەردمەن ئېلىمنىڭ بېشىدا ئوتلار،
گويا دوزاختەك ياندى ۋاراسلاپ.
ئاسماننى قاپلاپ قارا بۇلۇتلار،
جۇدۇن ياغدۇردى گۈلدۈر قاراسلاپ.
زۇلمەت، جاھالەت ياغدۇرۇپ ئاپەت،
ئۆلكەمنى قاپلىدى ئىپلاس تۇزانغا.
ئەمما يۈرەكلەر ئۈمىدكە تولغان،
ھەممە ئىنتىزار كۆرەشچان تاڭغا.

پەقەت نويابىر شەپقەت قۇياشى
ئەلنى ھالاكەتتىن ئالدى قۇتقۇزۇپ.
ئۇتتۇق نىشانلاپ باشلاندى كۆرەش،
دۈشمەن كۆزىدىن قان-ياش ئاققۇزۇپ.
ئۆلكەم سىغىنغان بۇ كۆرەشچان تاڭلار
كۆتۈردى تارىخنى يېڭى باسقۇچقا.
كۆرسەتتى بۇ تاڭ خەلقىم كۈچىنى،

رەھىمسىز، غالجىر، ۋەھشىي يىرتقۇچقا.
بۇ كۈرەش تېخى ۋەتەن خەلقىگە
كەلتۈردى خەۋەر ئۇلۇغ ھاياتتىن.
بۇزۇلدى ئەلنىڭ قاتتىق ئۇيقۇسى،
دەۋرىمىز پارلىدى شانلىق غازاتتىن.
بۇ كۈرەش تېخى پارلاتتى روشەن
ئەزىز يۇرتۇمنىڭ شەرەپ-شانىنى.
بۇ كۈرەشچان تاڭ ھەققانىيەتنىڭ
قۇردى پۇختىلاپ ئىستىھكامىنى.
بۇ كۈرەشچان تاڭ كۈرەشچى ئەلگە
يەتكۈزدى بەختىن ئەڭ ئۇلۇغ ئىنئام.
بۇ كۈرەشچان تاڭ شائىر كۆڭلىدە
قوزغىدى چەكسىز كۈرەشچان ئىلھام.
بۇ ئۇلۇغ تاڭدا توۋلانغان قىيقاس
پارلاق ھاياتقا ئورناتتى ئاساس.
بۇ تاڭ يالماۋۇز، ۋەھشىي مەلئۇنغا
قوزغاتتى ئوتلۇق يۈرەكتە قىساس.

نويابر تېخى قوزغىغان تۇيغۇ
كۈرەشچان ئەلگە نۇسرەت بېرىدۇ.
تۆكۈلگەن قاندىن ئۈنگەن چېچەكلەر
كەلگۈسى ئەۋلادقا مەدەت بېرىدۇ.

1948-يىل نويابر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆك مېنى

ئەي مېنىڭ جانانە يارىم، كۆك مېنى،
ئامرىقىم، كۆزى خۇمارىم، كۆك مېنى،
يوللىرىمغا ئىنتىزارىم، كۆك مېنى،
ساڭا يەتمەكدۇر قارارىم، كۆك مېنى.

ئاسمىنىڭدا ئۇيىنىسمۇ شۇم بۇلۇت،
باغلىرىڭدا قۇترىسىمۇ ۋەھشى جۇت،
ئۆپچۆرەڭدە كۆيسىمۇ دەھشەتلىك ئوت،
قورقمىغىن ھەرگىز، نىگارىم، كۆك مېنى.

چىن يۈرەكتىن چىقتى ئۇشبۇ يازغىنىم،
يوق مېنىڭ ھەرگىز يولۇمدىن ئازغىنىم،
ئۇنتۇما پەرھاد بولۇپ تاغ قازغىنىم،
ھېلىمۇ بار شۇ مادارىم، كۆك مېنى.

هېلىگەرلەر ئاشكۆكىنى سەپسىمۇ،
ياسىمىن جادۇ كەبى گەپ تاپسىمۇ،
"ئاشىقلىق يوق ئەمدى" دەپ پال ئاچسىمۇ،
هېچ گۇمانسىزدۇر باراربىم، كۇت مېنى.

خام سانايدۇ شۇم رەقىپ چۆچۈرىنى،
ئەسلىتەر قورشاۋدا قالغان بۆرىنى،
سەنمۇ كۆرگەنسەن شۇ تامدەك تۇرقىنى،
گۆرىمۇ تەييار ئۇلارنىڭ، كۇت مېنى.

مەن تەرەپكە قارىغىن، چولپانغا باق،
كۇنچىقىش ياقتىن ئاقارمىش تاڭغا باق،
شۇم رەقىبلەر چۆچۈگەن چۇقانغا باق،
يالتىرايدۇ زۇلپىقارىم، كۇت مېنى.

مەن بارارمەن پات-يېقىندا يول ئېلىپ،
ئەلگە تونۇش غەلىبە سازىن چېلىپ،
چىقىسەن ئالدىمغا سەنمۇ قول سېلىپ،
توي قىلار هېيتگاه بازارىم، كۇت مېنى.

شۇندا باغرىمغا سېنى چىڭ تاڭمىسام،
شۇم رەقىبتىن ئىنتىقاملار ئالمىسام،
ئىككى يۈزلۈكلەرنى داغدا قويمىسام،
چىقمىغاي زادى خۇمارىم، كۇت مېنى.

1948-يىل دېكابر، غۇلجا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# لېنىن ئۆلمىدى

لېنىن ئۇلۇغ، لېنىن بۈيۈك، لېنىن بىر يالقۇن،
ئۇنىڭ يولى تەڭسىزلىكنى يانغىنىغا كۆمدى.
ئابىهايات ياراتتى شۇ لېنىن تەلىمى،
مەزلۇم ئەللەر تەڭلىك ئىزدەپ شۇ نۇرغا چۆمدى.

لېنىن ئىزدەپ كىشىلىكنىڭ دەردىگە داۋا،
بەرپا قىلدى ھاياتلىقنىڭ يېڭى دەۋرىنى.
لېنىن ئىزدەپ شۇ دۇنيادا ھاياتقا مەنا،
تەتۈرلۈكنىڭ، تەڭسىزلىكنىڭ قازدى قەۋرىنى.

جاكارلىدى لېنىن ئوقۇپ تارىخ ھۆكمىنى:
ئازادلىقنىڭ دەۋرى كەلدى، زۇلمەت قېرىدى.
ئەنە، يامراپ يەر-جاھاندا كۈرەش تاشقىنى،
ئەجەل چىرىك تەڭسىزلىكنى گۆرگە سۆرىدى.

— لېنىن ئۆلدى!
— ئىشەنمەيمەن، لېنىن ئۆلمىدى،
چۈنكى ئۇنىڭ تەلىملىرى ياشاۋاتىدۇ.
ئىزىلگەنلەر كۈرەش قىلىپ لېنىن يولىدا،
ئەرك بېغىنى گۈللەندۈرۈپ ياساۋاتىدۇ.

ئەنە، دۇنيانى تىترەتكەن كۈرەش لەرزىسى
ئۇلۇغ لېنىن يولى بىلەن ئىلھاملىنىدۇ.
يېڭى دۇنيا توسالغۇسى، زۇلمەت غەلۋىسى
لېنىن يولى يېڭىش بىلەن تاماملىنىدۇ.

لېنىن دېگەن ئۇلۇغ نامنىڭ غۇرۇرى چەكسىز،
زۇلمەت تەختى ئۇچۇن ئۇنىڭ دەھشىتى شۇنچە.
لېنىن تۇغى يەلپۈلدەيدۇ ئالەمدە شەكسىز،
يىراق ئەمەس شۇ كۈنلەرنىڭ ۋىسالى ئانچە.

1949-يىل يانۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاغمۇ يىقىن

كۆنلەر، ئايلار، يىللار، ئەسىرلەر
ئۆتۈپ كۆزدىن بولىدۇ غايىب.
بەزى ئۆمۈرلەر كۆلۈپ ئۆتۈپتۇ،
بەزىلىرى رەنجىشىپ-كايىپ.

ھاياتلىقتا ئېزىش-ئېزىلىش
تارىخنىڭ مۇتلەق قانۇنى ئەمەس.
قېرى دۇنيا مۇكچىيىپ قالدى،
ئۇزاقلارغا بارالمايدۇ، بەس.

ئۇلۇغ تەۋرەش دەۋرىمىزگە خاس،
ئۇ تەڭلىككە بېرىدۇ نۆۋەت.
ئەرك ئىزدەپ قايىنىغان ھايات
كۆرەش بىلەن تاپىدۇ قۇۋۋەت.

مەزلۇملارنىڭ ”ھۆررا“لىرىدىن
يورۇماقتا ئەرك تاڭلىرى.
تاڭنى ئارتقا قايتۇرالمايدۇ
قارا زۇلمەت بۇلۇت-چاڭلىرى.

1949-يىل فېۋرال، غۇلجا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كەل، جېنىم!

شوخ كۆڭۈل سېغىنغان ئەي گۈللۈك زامان،
سەن ئۇتلۇق دىلىمنىڭ تارتتىڭ زوقىنى.
ئۇزاقتىن سېغىنىپ ئىشقىڭنى كۈيلەر
تەلپۈنگەن ھاياتنىڭ ئۈمىد شاۋقۇنى.
سەن مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ مەيلىنى تارتقان
كۆڭۈلنىڭ سۆيگۈسى ئامرىقىم، جېنىم.
جېنىمغا چىگىلگەن سۆيگۈ رىشتىسى،
مۇرادسىز تاپمىغاي بۇ كۆڭلۈم تىنىم.

كۆڭلۈمنى سېنىڭدىن ئۈزمەيمەن پەقەت،
بىراق تەلمۈرتكىنىڭ جېنىمدىن ئۆتتى.
باتۇر ناخشىلارنى ھەر تاڭدا ۋارقىراپ،
سېنى دەپ قانچىلار غەم-داغدا كەتتى.
يالقۇنلۇق خىياللار دىلنى كۆيدۈرۈپ،
ھاياتىم ئەركىنى ئىلكىگە ئالدى.

چېلىش يىللىرىنىڭ قويندا پىشىپ،
يۈرىكىم ئەڭ قايناق ئارزۇدا ياندى.
بەزىدە دولقۇنلۇق ئارزۇلار كۆچۈپ،
ئۆركەشلەپ ئۆزۈمگە سىغماي كېتىمەن.
ئۆرگىلەي ھەم چۆرگىلەي بويۇڭدىن، جېنىم،
ئۆلگىچە ئىشقىڭدا كۆيۈپ ئۆتىمەن.
ھەر كېچە پىكرىمنى تارتقان خىيالدا،
ئالدىمدا گۈل يۈزۈڭ جىلۋە قىلىدۇ.
كۆچلۈك ئۈمىدلىرىم كۆكسۈمنى بوغۇپ،
يۈرەكنىڭ قېتىغا "ئۇھ" دەپ سىڭىدۇ.
ئاھ چېكىش، تەلمۈرۈش ئۆلۈمدىن يامان،
كەل، جېنىم، كۆڭلۈمنى دەردتىن خالاس قىل.
كەل، جېنىم، ئالدىمدا كۈلگىن قاقاقلاپ،
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي، قوينۇڭنى ئاچقىل.
كەل، جېنىم، يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تالدىم،
قاچانغىچە شۇنداق تاقەتسىزلىنىش!
ئارزۇيۇم دۇنيادا شۇ بىرلا نەرسە:
خۇش چاغ ھاۋاسىدىن بىر نەپەس تىنىش.
مۇشۇ بىر نەپەسنى مېنىڭ ھاياتىم
مەنىسىز مىڭ يىلدىن ئەلا بىلىدۇ.
يىللارنىڭ ئادىتى ئۆمۈر توزۇتۇش،
بۇنىڭغا جان قانداق تاقەت قىلىدۇ؟!
بوۋايلار تېنىدىن تاغلار ياسىدى،
ئەسىرلەر داۋامى مۇشۇ تەلمۈرۈش.

ئېڭەكنى ساقاللار قاپلاۋاتىدۇ،
ئۆمرۈمنى يېمەكتە خىياللار سۈرۈش.

كەل، جېنىم، ناز قىلىپ كەلمىسەڭ چاپسان،
باتۇر ناخشىلىرىم كەلتۈرەر سېنى.
كەلمەيمۇ ئاخىرى ئىلاجىڭمۇ يوق،
چېلىشىم ئالدىمدا كۆلدۈرەر سېنى.
ھاياتىم ئەمدى ھېچ تەمتىرەپ قالماس،
زامانلار خاھىشىغا ئويۇنچۇق بولۇپ.
ھاياتىم ئارزۇسى ئاجايىپ ئۇلۇغ،
مەيلى، مۇشۇ يولدا ئۆلەي يوقۇلۇپ.
يىللار ئەجەل يوللاپ ئۆلتۈرسە مېنى،
ئۈمىدىم يالقۇنى ئۆچمەيدۇ مەڭگۇ.
”يۇلتۇزلار شۇنچىلىك ئايدىڭلىشىدۇ
كېچىنى قانچىلىك باسسا قاراڭغۇ...“
سۆيگۈ دەپ ھەر ئاخشام ئېيتقان شۇ ناخشام
شۇ سۆيگۈ ئەھلىگە يادىكار مەندىن.
سېنى دەپ ئاتلانغان گاھ چامدامىلىرىم
توختىماس تا جېنىم چىققىچە تەندىن.

1949-يىل فېۋرال.

# يۇرەك قېتىدىن

”تېپىشمىز“ دېگەن ئوتلۇق ۋەدىدىن
كۆڭلۈمگە ئۇپرىماس نەقىش قويۇلدى.
سېغىنىش ئوتلىرى كۆيدۈرۈپ جاننى،
جۇدالىق بىر كۈنى بىر يىل تۇيۇلدى.

ھېلىمۇ ئۆزۈمنى يوقاتمىدىم مەن،
بولغاچقا يۆلەكداش جەڭگىۋار سېپىم.
تارتقانلىرىم ئۈچۈن چەكمىدىم پىغان،
كۆڭلۈمدە تۇرغاچقا ھېلىقى گېپىم.

مەن ساڭا خەت يازاي يۇرەك قېتىدىن
شۇنداق دەپ: تاقىتىم ئاشتى چېكىدىن.
بۇ خەتنىڭ كىملەردىن كەلگەنلىكىنى
بىلەرسەن تېگىگە يازغان ئېتىمدىن.

1949-يىل مارت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىغقۇچى
www.uyghurkitap.com

# مارت تۇيغۇلىرى

مارت شامىلى،
ئۇچتۇق قىيىغىتىپ،
ئەرك سېغىنغان دىللارنى يەلپۈپ.
ئاھ! . . .
سەن ئۇچقان چېغىڭدا
جېنىم زوقلىنىپ،
كېتىمەن ھەممىنى ئۇنتۇپ. . .
چۈنكى شۇ چاغدا
بار ۋۇجۇدۇمنى
ئوراپ ئالغاچقا شېرىن تۇيغۇلار.
شۇ شېرىن تۇيغۇلار مېنى قۇچتى-دە،
سورۇلدى كۆڭۈلدىن
چىگىش قايغۇلار.

ئەركسىز،
ئىگەرىغان خوتۇن-قىزلار

سەن بەخش ئەتكەن تۈيغۈدىن
شادلىق ھاياتقا تاشلىدى ئىزلار.
بۇ شادلىق ئىزلار
تەڭلىك، ئەرك ئۈچۈن
ئوزناتماقتا پولات نىگىزلار.

مارت تۈيغۈلىرى
مەڭگۈلۈك تاڭلارغا
خوتۇن-قىزلارنىڭ چىگدى زوقىنى.
كۆرەشچان ئايالار
تىكتى بۇ يولغا بار-يوقىنى.
قاچانغىچە تارتسۇن ئايالار
كۈلپەت، دوقىنى.
ئۆز قوينىغا ئالدى ئۇلارنى
ئۇلۇغ تەۋرەشنىڭ،
شادلىق كۆرەشنىڭ
چەكسىز ۋە قايناق دولقۇنى.

ھەر كىم جاھاندا
ئۆز ھەسسىسىنى ياشاشقا ھەقلىق.
تارىخ ھۆكمىچە،
دۇنيادا ئاخىر
ئەرك، تەڭلىك بولمىقى تەھقىق.
مارت شامىلى مۇشۇ تۈيغۇنى

دىللارغا تەكرار
يېزىپ ئۆتىدۇ.
كۆرەشچان ئەرلەر،
باتۇر ئاياللار
يېڭىش نىشانلاپ
چاڭقاق دەشتلەرنى
كېزىپ ئۆتىدۇ.
تارىخ ھۆكمى شۇ:
تەڭلىك
چېلىشى يېڭىش قۇچاقلاپ،
زۇلمەت تەختىنى
بۇزۇپ ئۆتىدۇ.
ئاخىر جاھاندا
قايغۇنى يېڭىپ
شادلىق،
تەڭلىك تويلىرى
قىزىپ كېتىدۇ.

1949-يىل مارت.



# ياشلىق

”ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يىرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.“

—ل. مۇتەللىپ

ياشلىق ئۆمۈرنىڭ روشەن چىرىغى،
ئەرككە تەلپۈنەر قايناق، بەك قايناق.
ياشلىق ئۆمۈر ئېقىمىنىڭ ئۆركەش ئېرىقى،
ئۇ گۈلزار ۋەسلىگە تولىمۇ ئامراق.

ياشلىق ئەقلىنىڭ دانا يۈرىكى،
ئەگەر ئۇ ئىلىمدىن قىلسا تاماق.
ئۇ، ھەر ھايات ئۆمرىدە بىر كېلەر،
قېرىغاندا بار ئۇنى ئارمان قىلماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

”ھەسسەنە ! . . . “دەپلا ساقالنى سىيپاپ،
ئاھ ئۇرماقتىن ئۆزگە ئامال قانداق.
ياشلىق قەدرىنى بىلمىگەنلەر بېشىغا—
كېيىن يەيدۇ پۇشايماندىن چوماق.

ياشلىق ئۆگىنىش، كۈرەش مەزگىلى،
كۈرەشتىن بەخت بولىدۇ پارلاق.
تۇرمۇش دەپتىرىنى كۆرۈپ ھەر ئادەم،
ئېلىش لازىمدۇر ئۈمۈرلۈك ساۋاق.

1949-يىل ئاپرېل.

# بىزنىڭ ناخشىمىز

—مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ تۆت يىللىق
تويىغا بېغىشلاپ

دەۋرنىڭ ئوتلۇق قاينىمى
قىچقىرىدۇ قوينىغا
يۈرىكى توم مەردلەرنى.
يازغۇم كېلىدۇ
شۇ قاينامنىڭ قوينىدا
يالقۇنلۇق بېيىتلەرنى.

ئەنە،
كەڭ مەيداننى يېرىپ ماڭىدۇ
ئۇزاقنى كۆزلىگەن بىزنىڭ سېپىمىز،
ئېيتىدۇ ناخشىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ.
تېپىلماس ئاياغلار چامدايدۇ گۇس-گۇس،
ھەر چامدامدا زەپەر ئۇندۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سانسىز دوستلارنى خۇشال قىلىدۇ،
تېخى ئېيتىشقا بولمايدىغان
قايناق. ئۈمىدلەرنىڭ دولقۇنىغا چۆمدۈرۈپ.

ئۇزاقتىن بېرى
بۇ كوچىلار ئۆز باغرىدا
ھېچ كۆرمىگەن بۇنداق يۈرۈشنى،
ئاڭلىمىغان بۇنداق ناخشىنى ھەتتا.
دەۋرنى لەرزىگە سالغان
بۇنداق يۈرۈشلەر
قالىدۇ ئوتلۇق ئىز بولۇپ ئارتتا.

بىز بېسىپ ئۆتمىگەن يوللار خېلى جىق،
تېخى ئېيتمىغان ناخشىمۇ شۇنچە.
ھەر ناخشىلارنى ئېيتىمىز يەنە،
بوش چاغلىماڭلار ئېيتىشنى ئانچە.
بۇ ناخشىنى ئېيتالماي،
قانچىلار قۇرۇق غىڭشىپ يۈرەر تېخى.
شۇنداق مەردلەر ئېيتىدۇ ئۇنى
چۈشىنىسە قولىدىن
يىراقنى كۆزلىگەن يۈرۈشنىڭ تۇغى.

بىز مەيدىمىزگە ئۇرۇپ
مەيدانغا چۈشكەن جەڭگىۋار،

قۆرۈڭ ماختىنىش بىزدىن ئۆزاقتا.
دىللار بەند بولۇپ قالمايدۇ ھەرگىز
غەپلەت قۆرغان توزاقتا.
كۆرەش زوقى
يالقۇنلايدۇ لاۋۇلداپ
بىزلەر ئېيتقان باتۇر قوشاقتا.
ئەتە-ئۆگۈن بولىمىز بىز
سۆزۈك تاڭلار قوينىدا؛
ھەر يېڭى ناخشىلارنى
تېخىمۇ جاراڭلىق قىلىپ ئېيتىمىز
ئەنە شۇ ۋاقىتتا.

1949-يىل ئاپرېل، غۇلجا.

# تاڭ ناخشىسى

ناخشىنى ئېيتسام ئۇزاقتىن ياڭرىتىپ،
سىلكىنىپ تۇردۇڭ-دە، قالدىڭ داڭقېتىپ.
سۆيگىنىڭنى ئىزدىدىڭ جىلۋەڭ بىلەن،
چاچلىرىڭنى ئوينىتىپ، پۇلاڭلىتىپ.
كۆزلىرىڭنى چوڭ ئېچىپ كۆككە بېقىپ،
قارىساڭ، ھە، قاپتىكەنغۇ تاڭ ئېتىپ.
بىر ئۈمىد تەپتى، دىلىڭدا ئوت يېنىپ،
ئېيتقىنا، دېدىڭ، يەنە چىڭ ئاڭلىتىپ.
ھەم دېدىڭ: ئېيتقىن، ئەجەب شوخ ناخشىكەن،
پارلىدى ئۈمىد، ئىشەنچىم، غەم كېتىپ.
مەن دېدىم: بۇ ياڭرىغان تاڭ ناخشىسى،
جانلىتار جانلارنى جانغا جان قېتىپ.
كەل جېنىم، تەڭ ئېيتىلى بۇ ناخشىنى،
قورقۇنچ، تەشۋىشنى دىلدىن ئىرغىتىپ.
ئىنتىلەيلى تاڭسېرى زوق-شوق بىلەن،
شۇم جاھالەت ئەھلىنى زار يىغلىتىپ.

1949-يىل ئاپرىل.

# دولقۇن يامرىدى

ئۇششۇقلۇق، غالجىرلىق، چالۋاقاش بىلەن
بۇزغىلى بولمايدۇ تارىخ ھۆكمىنى.
جاھان كەڭ،
ئىنسانلار يارالغان ئەمەس
زالىملار ئىلكىدە ئەلەم چەككىنى.

سائادەت ئاختۇرۇپ كەڭ جاھان بويلاپ،
بىر كۈچلۈك، كۈرەشچان دولقۇن يامرىدى.
بۇ دولقۇن— ئەسىرلەر ئارزۇ-تىلىكى،
بۇنىڭ شىددىتىدىن ئالەم تەۋرىدى.

تارىخنىڭ ئىلگىرى چۆگىلىگەن چاقى
ھاياتتا يېڭى ئىز ئېچىپ ئۆتىدۇ.
ئەسكىلىك، شۇملۇقنا خۇددى سالجىدەك—
يېپيېشقان ھاياتنى مىجىپ ئۆتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنى نىشانلىغان كۆرەش پەسەيمەس،
مەزلۇم كۈڭلۈللەرنى كۆلدۈرمەي تاكى.
بۇ كۆرەش ھەيۋىتى ئەزگۈچىلەرنىڭ—
جېنىغا تىكىلگەن ئەجەل گوياكى.

ئەزگۈچى ئاچكۆزلەر پالەچ ئۆمرىدە
ھاياتنى سوزۇشقا ئىزدەيدۇ بازار.
ئاداققى سائەتتە تۇتقىقى تۇتۇپ،
ئىنساننىڭ بېشىغا سالماقچى قازا.

ئۇنىڭ قېرى جېنى تىترەك بىلەن بەند،
"ماشىنا ئۆسمەكتە،
ئەگمەستىن بويۇن.
ئىش تاشلاش،
بوھراندا ئۇنىڭ تۇزۇمى
سۇرۇلدى غازاڭدەك،
مىسلى بىر قوۇيۇن."[1]

ئۇ يىغلار مەنىسىز خىياللار بىلەن،
ھودۇقۇش، قايمۇقۇش، قايغۇ ئىچىدە.
قوياشتىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ كۈندۈزى،
چۆكمەكتە قاراڭغۇ، مۇدھىش كېچىگە...

---

① بۇ مىسرالار ماياكوۋسكىينىڭ.

بۇ ئۇلۇغ دولقۇننى جىمىقتۇرالماس
ھېچقانداق يالماۋۇز،
فاشىستلىق رىجە.[1]
بۇ—ھايات سىرلارنىڭ چوڭقۇر قاينىمى،
نېمە ئىشلار بولۇپ ئۆتمىدى كېچە!؟

فاشىستلىق غۇرۇرى گىتلېر قاۋاننى
ئاينىتىپ، مەست قىلىپ سالدى ھەر كويغا.
زەربە يەپ ئاخىرى ھەققانىيەتتىن،
ئوڭماستىن بىر يولى پاتتىغۇ لايغا.

يەر شارىغا دوزاخ قۇرماقچى بولۇپ،
قانچىلاپ گىتلېرچىلار كۆيدى، ئۇجۇقتى.
سىغمىدى شۇملۇقى ھاياتلار ئارا،
كەڭ جاھان ئۇلارغا تار ھەم دىمىقتى.

مىلاندا تۇۋلانغان ھۇرراساداسى
ئاڭا قارشىلارنىڭ غالىب قۇدرىتى.
يۈزىگە تۇكۇرۇپ ئەزگۈچلەرنىڭ،
تەۋرەندى يونانلار خەلق ئەترىتى.

---

[1] رىجە—پىلان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھىندونېز ئېلىنىڭ گاڭ ئىرادىسى
سۇنمىدى گوللاندلارنىڭ ئاتقان توپىدىن.
قايتمىدى كورىيە مەزلۇم ئەللىرى
„ئالىمىز بىز ھۆرلۈك!“— دېگەن گېپىدىن.

„كىشلىك ھوقۇقى بىزگىمۇ كېرەك!“—
شوئارىنى توۋلاپ چىقتى نېگىرلار.
ئەركىنلىك ئاچقۇچى— كۆرەش، دەپ بىلدى
ھايۋاندەك خارلانغان كۆكسى يېغىرلار.

جۇڭگونى تەۋرىتىپ پارتلىغان ۋولقان
گومىنداڭ تەختىنى كۆمدى يانغىنغا.
مىليونلاپ جۇڭگونىڭ ۋەتەنداشلىرى
تاشلىدى ئۆزىنى قايناق دولقۇنغا.

ياندۇ لاۋۇلداپ مېنىڭ يۇرتۇمدا
شۇ ئوتلۇق كۆرەشنىڭ چوڭ بىر پارچىسى.
يېڭىشنى نىشانلاپ، پىشتى كۆرەشتە،
چامدايدۇ ئەرك دەپ ئەلنىڭ بارچىسى.

دۇنيانىڭ ئېزىلگەن مەزلۇم ئېلىنى
باغرىدا ئۆزدۆردى كۆرەش قاينىمى.
مەزلۇملار قەلبىدە پارلىدى ئىشەنچ،
يۈكسەلدى ئۇلارنىڭ غالىب چامدىمى.

يۈرەكتىن ئۇرغۇدى شۇ ئوتلۇق شوئار:
يۈيىمىز مەدىنەتلەر باسقان جاھاننى.
تۆكۈلگەن قانلاردىن چېچەك ئۈندۈرۈپ،
پۈركەيمىز گۈللەرگە يېڭى زاماننى.

1949-يىل ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سىنىڭ ناخشاڭ

—پۇشكىنغا بېغىشلاپ

سىنىڭ ئەرك كۈيلىگەن ناخشاڭ گويا يالقۇن بولۇپ ياندى،
ئەسىرلەردىن كېلىپ ھالقىپ، مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئوت سالدى.

ھاياتىڭ ئۆتتى نۇر كۆرمەي، قاراڭغۇلۇقتا ـ زۇلمەتتە،
كۆڭۈل ئەمما يېنىۋاتقان ئىدى بىر ئالىي مەقسەتتە.

سىنىڭ ماڭغان يولۇڭ بىر دەشت، ياتاتتى ئۇندا قومۇلۇقلار،
يېتەلمەي پەللىگە، كەتتىڭ. . .
يولۇڭنى بوغدى شۇملۇقلار.

مۇشەققەتلەرگە داد سالماس گويا بىر تاغ ئىدىڭ، شائىر،
ئۆچۈردى، ئېخ! . . . ئۇ دانتىس شۇم ھاياتىڭ شامىنى ئاخىر.

تېخى بەك ياش ئىدىڭ، شائىر، گويا ئېچىلمىغان غۇنچە،
سۆيۈملۈك بىر يۇرۇق تاڭنى دىلىڭ كۈتكەن ئىدى شۇنچە.

دېمىڭ تىنندى ئېغىر دەردتىن، يوقالدىڭ ئەمما ياش تۆكمەي،
چېلىشتىڭ ئەرك ئۈچۈن شۇنداق ئەجەل ئالدىدا تىز پۈكمەي.

سېنىڭ نامىڭ ئازادلىق ئىزدىگەنگە بولدى نۇر-مەشئەل،
ئىجادىڭدىن بىنا بولدى ئۇزۇن يىللار ئۈچۈن ھەيكەل.

زامانلار ئۆتتى زۇلمەتتە، سۇرۇلدى قانچە چاڭ-توزاڭ،
دىلىڭ سۆيگەن ئۈمىد-ئارزۇ ئاخىر قۇچتى يورۇق بىر تاڭ.

سېنىڭ يۇرتۇڭدا نۇر ئەمدى تۇماندا ئىڭرىغان ئىنسان،
سېنىڭ يۇرتۇڭدا دەرد-ھەسرەت قىلىندى يەر بىلەن يەكسان.

جاھان سۆيمەكتە تەۋرەشنى، چېلىشچان تۇيغۇلار ياندى،
سۇزۇك تاڭ ئىزدىشىپ ھەرجان قارا ئۇيقۇدىن ئويغاندى.

بۈگۈن، شائىر، سېنىڭ جان دوستلىرىڭ يەڭمەكتە ھەر يەردە،
سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ مەينەتكە چۆكتى، بولدى شەرمەندە.

ھەقىقەت كورلىرى ھەم كۆلگە ئايلاندى كۆيۈپ ئوتتا،
سېنىڭ نامىڭ ئۇلۇغلاندى ھەقىقەت ياشنىغان يۇرتتا.

1949-يىل ئىيۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كېلەچەككە سالام

ئازادلىق دەپ تۇرۇپ يەڭنى،
تىزىلدۇق جەڭگىۋار سەپكە.
يورۇق مەنزىلنى كۆردۇق بىز
نەزەر تاشلاپ كېلەچەككە.

كېلەچەك شۇنچىلىك كۆركەم،
ئورالغان باغۇبوستانغا.
ئېچىلغاندۇر ئېشىكلەر كەڭ
ھالال تەر تۆككەن ئىنسانغا.

بارالمايدۇ، كىرەلمەيدۇ
بۇ باغلارغا تىرىكتاپلار.
ئۇنىڭ شېرىن ھۇزۇرىنى
كۆرەر مەردانە پەرھاتلار.

سالام بىزدىن كېلەچەككە،
سالام مەنزىلگە كارۋاندىن!
سالام شېرىنغا پەرھاتتىن،
سالام ئاپتاپقا چولپاندىن!

1949-يىل، غۇلجا.



www.uyghurkitap.com

# سالام

سالام ئەشۇ غالىب دوستلارغا،
كۆن چىقىشنىڭ يوقسۇللىرىدىن!
سالام-سالام ئۇلۇغ تەۋرەشنىڭ
قايناپ تاشقان دولقۇنلىرىدىن!

يىراقلاردىن يوللىشىپ سالام،
سىغىنىپ تېخى ئامراقلىشارمىز.
پات-يېقىندا تەڭلىك كۆنلەرنىڭ
گۈلشىنىدە قۇچاقلىشارمىز.

1949-يىل ئاۋغۇست.



## ئىشەنچ

كۆڭلىمىز قېتىدا مەغرۇر بىر ئىشەنچ،
ئۇ گۇمان، غەشلىكتىن خالىي ھەم تازا.
قىيىق، ئەسكى دۇنيا قىلمىشى بىلەن
كىيمەكتە بېشىغا قاپقارا قازا.

غەشلىك، قارا تۇنلەر دىلنى غىلغىتقان
سوغۇق قوشۇمنى ئاچماستىن تالاي.
بىز ھامان ئىشەنچنى ساقلاپ كەلگەنمىز،
ئەمدى كارامەتنى كۆرىمىز، ئايھاي!

ئەمدى ھاياتلىقنىڭ ئۆڭكۈر، غارلىرى
كۈرەش مەشئىلىدە يورۇدى تاڭدەك.
بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئىشەنچ ئۇلغايتىپ،
باھار ئاپتىپىدەك كۈلدى كېلەچەك.

شۇملۇقتا قوينىنى ئاچماقتا ئەجەل،
دولقۇنلار ئەخلەتنى قىرغاققا ئۇردى.
ئەنە، شېھىتلارنىڭ قىزىل قېنىدىن
چوغدەك چېچەكلەر يانغىلى تۇردى.

ئەرك چۇقانلىرى ياڭرىغانسېرى
ئەنسىز خوجايىنلار ئۆيىدە ماتەم.
كۈلىدۇ بوزەكلەر بەخت-تەلىيى
ۋە كىرىدۇ بىتەم غىزاسىغا تەم.

ئۇجۇقىدۇ ئەمدى زەھەر زىمىستان،
ھاياتلىق بېغىمىز قۇچىدۇ باھار.
غەپلەت تىلسىمىدىن قۇتۇلغان ئىنسان
قارا نىيەتلەردىن تارتمايدۇ ئازار.

قومۇرۇلۇپ زۇلمەتنىڭ چىرىك تەختلىرى،
ئەركسىز قامغاقتەك تېنەيدۇ دەشتتە.
ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى قۇچقان ساپ كۆڭۈل
بەخت تاڭلىرىغا باغلىدى رىشتە.

ئىشەنچلەر تىكىلگەن شانلىق كېلەچەك
كېلىدۇ، بىزنى بەخت قۇچىدۇ چوقۇم.
يۇمىدۇ كۆزىنى مۇناپىق ھىيلە،
تىنىدۇ ئاخىرقى تىنىقىنى زۇلۇم.

بىر كۈنلەر كېلىدۇ، ئىشەنگىن دوستۇم،
جىمىكى شۇملۇقلار كىرىدۇ گۆرگە.
شۇندا چىن قەدرىنى تاپىدۇ ئادەم،
بەخت بەخشەند بولۇپ هالال ئۆمۈرگە.

1949-يىل سېنتەبىر، غۇلجا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۈن چىقىشنىڭ تېگى ئاتتى

كۈن چىقىشنىڭ تېگى ئاتتى،
قاچتى زۇلمەت تۈنلىرى.
ۋەتىنىم يوقسۇللىرىنىڭ
تۇغدى ئازاد كۈنلىرى.

ئايەي!
بىز تۆككەن قانلاردىن چېچەكلەر ئۈندى.

كۆپ-ئۇزۇن يىللار ئېزىلگەن،
دەردمەن شىنجاڭ خەلقى بىز.
داھى ماۋ زېدۇڭ يولىدا
كۈلدى ئەمدى بەختىمىز.

ئايەي!
بىز تۆككەن قانلاردىن چېچەكلەر ئۈندى.

1949-يىل ئۆكتەبر، غۇلجا.

# خىتابىم

دېمى ئۆچسۇن قۇرۇق گەپلەرنىڭ،
غادايغاق، مەمەدانلار ئۇجۇقسۇن ئەمدى.
دەردمەنلەرنىڭ كۆرەش كارابى
هايات دېڭىزىدا
ئۆز كارامىتىنى تونۇتسۇن ئەمدى.

مانا،
سۆزۈك تاڭلاردىن تاپتۇق بىز دېرەك،
تېپچەكلەيدۇ ئىچىمىزگە سىغماستىن يۈرەك.
بىزگە
رەڭۋاز،
پىتنىخور ناتىقلار ئەمەس،
چىن قەدىردان سادىقلار كېرەك.

ئاز تارتىمىدۇق،
ئاز تارتىمىدۇق،

دوستلار، بۇ دەردنى.
بىز قان بىلەن يۇيغان يېڭى يوللاردا
ئەمدى تۇرغۇزالمايمىز نىجىس ئەخلەتنى.
تىرىكتاپلارغا تىزگىن تۇتقۇزۇپ،
تارتىشقا ئورۇن يوق پۇشايمان-ھەسرەتنى.

ئىپلاس لاتقىلار،
لەيلەپ يۈرگەن بەتبۇي كۆپۈكلەر
ھاياتىمىز دېڭىزىدا ئۆزمىسۇن ئەمدى.
ھارامتاماقلار،
نەپسى چەكسىز، ئىنسابى يوقلار
يوقسۇللارنىڭ ھالال رىسقىغا
چاڭگىلىنى سوزمىسۇن ئەمدى.

ھالال مېھنەتتە
پارقىرىغان ئەزىز پېشانىلەرنى
ئون جېنى يوق ھېچكىمنىڭ
تاك ئېتىپ چېكمىشكە.
ئۆزۈندىن دۆشكەلەپ ئۆگەنگەن قوللار،
ھەددىڭلار يوق
ئەمدى ئۇلارنى نوقۇپ سەتلەشكە.
كۆپتىن تۇرمۇشقا ئۆگەي كۆرۈنگەن،
خورلۇق تارتقان يالاڭ ئاياغلار
ئىشەنچلىك ئاتلاندى ئۇلۇغ چېلىشقا.

ئەنە،
چىن ئىنسانلار بەختىگە تالڭ يورۇۋاتسا،
مەن مەغرۇر ناخشامنى ئېيتماي نېمىشقا؟!

ئاگاھ بولۇڭ،
يەنە ئاشۇ تۈلكە مىجەزلەر
توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاپ،
ئۆمۈر سۈرمىسۇن.
لاي-لاتقىلارنىڭ كەتتى نۆۋىتى،
ئۇلار يەنە ئاقمەن دەپ جىبدەل قىلمىسۇن.

كىرىپ ئالمىسۇن گۈلشەنگە يەنە
لۈمشۈپ يۈرۈپ قۇرت-قوڭغۇزلار.
يېتەر شۇنچە ئايغىنىمىز،
ھەي شۇم غەرەز ئالدامچى دوستلار،
قۇلاقلارنى ئاغرىتىپ،
داراڭلىماڭلار، كونا داسلار.
تويۇپ كەتكەن بىز،
تويۇپ كەتكەن بىز.

كىم بىلىدۇ،
سېپىمىزنىڭ دۇشمەنلىرىمۇ
تېخى بىزگە مەسلىھەت كۆرسىتەر.
لېكىن يەنىلا قاتىل كۆڭلىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەختىمىزگە ئىزدەر زاۋاللىق
تىمىسقىلاپ ھەربىر نەپەستە.
تارىختا مۇنداق ئىشلار خېلى جىق،
ئەزىز دوستلار،
ھەممە ساۋاقلارنى تۇتتۇڭلار ئەستە.

تېشى يۇمشاق، ئىچى زەھەرنى
سۆيمەيدۇ ھەرگىز
ئەلەم چەككەن،
زەرداپ بولغان يۈرەك.
بىزگە ئەمدى
دەردىمىزنى چوڭقۇر چۈشەنگەن،
دەردنى تارتقان،
دەردنى بىلگەن باتۇرلار كېرەك.

1949-يىل نويابىر-دېكابىر، غۇلجا.



# بۇگۇن

يېڭى كۆكلەم پەسلى كەلدى،
ياشنىدى ئەتراپ بۇگۇن.
باش كۆتۇردى مايسىلارمۇ
ۋادىنى قاپلاپ بۇگۇن.

جانغا راھەت بەردى بۇلبۇل
زوقلىنىپ سايراپ بۇگۇن.
غۇنچىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى
نەغمىنى ئاڭلاپ بۇگۇن.

ئەي گۇلۇم، سەنمۇ ئېچىل،
بەرگىڭنى ياي يايراپ بۇگۇن.
گۇل ئۇچۇن بەخشەندە بولدى
مەڭگۇلۇك ئاپتاپ بۇگۇن.

1950-يىل، غۇلجا.

# ئۆمەر مۇھەممەدى خاتىرىسىگە

جاراڭلايدۇ سىبىنىڭ باتۇر ناخشاڭدىن
يالقۇنلۇق يۈرەكنىڭ ياڭراق ئاۋازى.
قانداق يېقىملىق-ھە، ئاشۇ ناخشىنىڭ
تۇرمۇش تاڭلىرىغا چىللىغان سازى.

ئۇيغۇر ئاۋازىدا بىرىنچى بولۇپ،
ئىلىنچ يولىنى قاتتىق قوشاقتا.
دوستۇم، سىبىنىڭ بۇ شوخ ئاۋازىڭ،
ئايھاي، قانچىلىك كەتتى ئۇزاقتا.

ئەي،
سىبىنىڭ ناخشاڭغا مەنمۇ قوشۇلۇپ،
ۋارقىرىغۇم كېلەتتى زادى ئەزەلدىن.
دەملىرىم بوغۇلۇپ، ئەيمەندىم ئۆزۈن
ئالدىمدا ھۆرپىيىپ تۇرغان ئەجەلدىن.

هەر قايناملاردىن ئۆزۈپ ئۆتتۇم مەن،
يۈرىكىم قېتىدا ساقلاپ ناخشاڭنى.
ئۆتكۈزدۈم تاغدەك ئۈمىد قوچاقلاپ،
تۇمانغا پۈركەنگەن قارا ئاخشامنى.

دىلىڭدىن ئۇرغىغان ئاشۇ ئاۋازدىن
هاياتىم زوقىغا هۇزۇر ئالىمەن.
سەن چالغان سازنى مەن ئۆگەندىم ئاخىر،
چالىمەن شۇ سازنى،
مەڭگۈ چالىمەن.

1950-يىل باهار.



# كې جۇڭپىڭ[1]

كې جۇڭپىڭ تېخى چاساقال ئىكەن،
لېكىن بىز ئۇنى ئاقساقال دېدۇق.
تۇرغان-پۈتكىنى شېئىرغا ئوخشاش،
شۇڭا سۆزىنى ھەسەل-بال دېدۇق.

قازاقلار بىلەن ئۆلەڭ ئېيتىشتى،
جور بولدى ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسىغا.
زاڭزۇلار بىلەن ناخشا توۋلاشتى،
مەيىنمۇ ئىچتى موڭغۇلچىسىغا.

چوڭلارغا ئۇ قىلماس كىچىكلىك،
ياكى كىچىككە قىلماس چوڭچىلىق.

---

① كې جۇڭپىڭ—ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرى. بۇرۇن شەنشى-گەنسۇ-نىڭشا ئازاد رايونى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1950-يىلى غەربىي شىمال ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى —ئاپتوردىن

مەغرۇرلۇقى كىبىردىن ئەمەس،
كەمتەرلىكى ئەمەس قۇلچىلىق.

چاساقال دەيلى، ياكى ئاقساقال،
قەلبىدە يەنە ياشلىق يالقۇنى.
روھىمىزغا ئىلھامچى بىلىپ،
رەئىس قىلىپ سايلىدۇق ئۇنى.

1950-يىل سېنتەبر، شىئەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ياشلىقىم

ياشلىقىم، ئۆزۈڭگە قويما تەمەننا،
پاك ئەمەس ئىكەنسەن ئەيىب-نۇقساندىن.
تەرگىنىڭ-تاپقىنىڭ چاغلىق ئىكەنغۇ،
كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ ئەنە بوخچاڭدىن.

قانچىلىك نەپ ئالدىڭ، قانچىلىك ئۇنۇم
بەخباشلىق ئويۇندىن، خۇنۇك ئاخشامدىن؟
ئەل-يۇرتقا قانچىلىك بەدەل تۆلىدىڭ
شۇ دەملىك بولغۇچە يېگەن ئاش-ناندىن؟

يېڭى كۈن، يېڭى ئىش باشلاندى بۈگۈن،
يېڭىچە ئىش باشلا يېڭى باشلامدىن.
جەڭگىۋار ئىشلاردىن تاپقىن يېڭى كۈي،
ئەل يېڭى نەپ ئالسۇن يېڭى ناخشاڭدىن.

1950—1957-يىللار.

# توي

—دۆلەت بايرىمىنىڭ بىر يىللىقىغا بېغىشلاپ

قىز بىلەن يىگىتنىڭ نىكاھ كۈنىنى
"توي" دەپ ئاتايدىكەن بۇرۇن-بۇرۇندىن.
بىراق ئۇ ھەممىنىڭ شادلىقى ئەمەس،
مۇرادقا يەتكەنلەر رازى بولىڭدىن.

تىڭشىغىن، مەن ھازىر باشقا بىر تويغا
يېڭىچە "ھاي يۆلەن" تارتقۇم كېلىدۇ.
يۈرەك شادلىقىنى بۇ تويغا ئاتاپ،
زوقلىنىپ قوشاققا قاتقۇم كېلىدۇ.

نېمىشقا دېسەڭ، بۇ مىليونلار تويى،
مىليونلار مېھنىتى تۇغدى بۇ تويىنى.
دەل مانا شۇ كۈنى ئېچىلغان بىزگە
بەخت دىلبىرىنىڭ مېھرىبان قويىنى.

خېلى زامان بۇ بەخت تويىنىڭ
قىزىق "بولىدۇ"سى ئۆتتى جەڭلەردە.
يوللارغا راسلىغان پاياندازىمىز
بويالغان ئەمەسمۇ قىزىل رەڭلەردە.

ئېرىشتۇق بۇ تويغا جان پىدا قىلىپ،
ئاغدۇرۇپ قاتمۇقات جاپا تېغىنى.
زەپەرنىڭ سۈپسۈزۈك بۇلاقلىرىدا
يۇيۇپ ئادالىدۇق خورلۇق دېغىنى.

ئېسىمىزدە تېخى كۆلپەت يىللىرى،
ئەل قەلبى ئۆرتەنگەن، باغرى داغ ئىدى.
ئەمگەكچى دەپسەندە كۆڭلى پەرىشان،
قانخور رودۇپاينىڭ كەيپى چاغ ئىدى.

ياندىن تۆرەلگەن يالماۋۇز بىلەن
ياتلارنىڭ ياۋۇزلۇق ئەلىمى ئۆتۈپ،
ئىچىمىز زەرداپقا تولۇپ كەتكەچكە،
ئاخىر "بەس!" دېدۇق سەۋرىمىز پۈتۈپ.

شۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ دەردىنى تارتقان
خەلقلەر ئىچىدىن چىقتى بىر سىنىپ.
ماياك بولدى سەپكە ئۇنىڭ يۇرىكى
زۇلمەتنىڭ قوينىدا يالقۇندەك يېنىپ.

يەلپۈلدەپ ئۈچقاندا كۈرەش بايرىقى،
سەپ تۈزۈپ مىليونلار جەڭگە كېتىشتى.
شۇ ئۇلۇغ سەپەرگە ئاق يول تىلىشىپ،
قېرىلار قولىنى پۇلاڭلىتىشتى.

شۇ قېرى قوللارنىڭ پۇلاڭلىشىدا
تارىخ ئىرادىسى قىلاتتى جەۋلان.
جان بېرىپ ئۇنىڭغا ماركس تەلىمى،
زۇلمەت ئۆلۈمىگە يېزىلدى پەرمان.

ئۆرتىدۇق شۇم تەختنى كۈرەش ئوتىدا،
غەلىبىدىن يېڭى تارىخ باشلاندى.
تۈنۈگۈنكى سانسىز هازىدار دەردمەن
شادلىققا چۆمۈلۈپ تويغا راسلاندى.

خۇشاللىق نەغمىسى ياڭرايدۇ بۈگۈن
قەددىنى كۆتۈرگەن ئەلنىڭ دىلىدىن.
پالاكەت دەشتىنىڭ پەرىشانلىرى
قىستۇردى چېچىگە بەخت گۈلىدىن.

خەنزۇنىڭ غىجىكى، خۇيزۇنىڭ نېيى،
ئۇيغۇرنىڭ دۇتارى، موڭغۇلنىڭ خورى،
قازاقنىڭ دومبىرى، مياۋنىڭ بالىمىنى...
ئازادلىق كۈيىنى كۈيلەيدۇ بەرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلىمىز، بۇ تېخى تويلارنىڭ بېشى،
كارامەت سەھنىسى دەۋرىمىز قويىنى.
مۇشەققەت ئالدىدا ياش تۆكمىسەكلا،
ئوينايمىز ئىشەنچلىك ھەر كاتتا تويىنى.

1950-يىل سېنتەبر-ئۆكتەبر، شىئەن-



# سوۋېت ئېلى

بۇ دۇنيانى قاپلىغاندا قارا تۇتەك،
زۇلۇم ھە دەپ ئوت ئالغاندا يېيىپ ئېتەك،
تاڭ سېغىنىپ زارلىغاندا مىليون يۈرەك،
بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقتىڭ، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى-تاڭلار ئېلى، قۇياش ئېلى،
چېلىشىڭدىن غالىپ چىقتىڭ، سوۋېت ئېلى.

ماركس سىزغان ئۇلۇغ يولغا رىشتە باغلاپ،
داھى لېنىن ھەم ستالىن ماڭدى چامداپ،
ئىشچى، دېھقان ماڭدى ئارقىدىن ئۇتۇق تاللاپ،
زومىگەرگە دەككە بەردىڭ، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى-بولقا ئېلى، ئورغاق ئېلى،
ھەيۋىتىڭدىن ئاق پادشاھنىڭ سۇندى بېلى.

بولشېۋىكلەر پارتىيىسى تاۋلاپ سېنى،
ئەمگەكچىنىڭ غېمىنى يەپ كۈندۈز-تۈنى،

لاۋۇلدىتىپ ئۇلۇغ كۈرەش يالقۇنىنى،
سېنى ئالغا يېتەكلىدى، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى، زەپ ئوخشاتتىڭ بۈزغۇنلارنى،
باغلىرىڭدىن ھەيدەپ سالدىڭ قۇزغۇنلارنى.

ئەمگەكچىلەر ھەر چېلىشتا يېڭىش تاپتى،
بۆزغۇنچىلار ھەر دوقمۇشتا گۆرگە پاتتى،
پۇخادىن چىقتى كۆڭلۈڭ، تىنچلىق تاپتى،
سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇردۇڭ، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى، سەن يۈكسەلدىڭ ئۈتۈقسېرى،
تارىخ ئالدىدا شانىڭ ئۈستى شۇندىن بېرى.

سەن تۇغۇلدۇڭ بۇ دۇنياغا زور كۈچ بولۇپ،
ھاياتلىقنىڭ دۈشمىنىگە بەك ئۆچ بولۇپ،
جاھانگىرنىڭ ھاسىسىنى دەسسەپ، ئوشتۇپ،
بۇ دۇنياغا تۈۋرۈك بولدۇڭ، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى، سەن چىنىقتىڭ، ئالغا باستىڭ،
تارىختا سەن ئەڭ باھالىق داۋان ئاشتىڭ.

تىنچ ئېلىڭ كۈندىن كۈنگە گۈلگە تولدى،
باغرىڭ سېنىڭ ئازاد ئەمگەك بېغى بولدى،
ئىلىم-ھېكمەت چېچەكلىرى چاقناپ كۈلدى،
سەن دۇنيانىڭ گۈلى بولدۇڭ، سوۋېت ئېلى.

سوۋېت ئېلى-گۈلشەن ئېلى، بەخت ئېلى،
سېنى سۆيىدى پۈتۈن يوقسۇل ئەلنىڭ دىلى.

سەندە ئۈستى مىليون-مىليون كوممۇنىستلار،
پۈتۈن دۇنيا يوقسۇلىغا سادىق دوستلار،
دېدىڭ شۇنداق: ”ئويغان دۇنيا، قەدەم راسلا!“
قېرى دۇنيانى تىترەتتىڭ، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى، مەدەت بەردىڭ سەن يوقسۇلغا،
مەدەت بەردىڭ ئەرك سېغىنغان مىليون دىلغا.

سېنىڭ يولۇڭ ئەمگەكچىگە بەرسە مەدەت،
جاھانگىرلار قۇتراشتى غىڭشىپ ھە دەپ،
چىدىماسلىق، غالجىرلىقنى قىلىپ ئادەت،
سالماق بولدى جاپا ساڭا، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى، سەن ئەيمەنمەي ئۆسۈپ باردىڭ،
يولۇڭدىكى توسقۇنلارنى بۆسۈپ باردىڭ.

گىتلېر جاللاد پۈركۈپ چېچىپ ئوت بالانى،
تۆتەكلەرگە بۆرۇختۇرۇپ ياۋروپانى،
ئۆز ئىلكىدە تۇتماق بولۇپ بۇ دۇنيانى،
ساڭا زەھەر چاچقان ئىدى، سوۋېت ئېلى،
سوۋېت ئېلى، ھودۇقماستىن بۇ بالادىن،
جەڭگە كىردىڭ شەھەر، يېزا، تاغ، دالادىن.

ئادەمزاتنىڭ ئۈستىگە دەرد تاشلانغاندا،
هايات ئۈچۈن قانلىق چېلىش باشلانغاندا،
ئىلاج تاپماي مىليون كۆزلەر ياشلانغاندا،
سەن يېڭىشكە يەڭنى تۈردۈڭ، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى-پالۋان ئېلى، باتۇر ئېلى،
غەيرىتىڭدىن سۈندى ئاخىر دۈشمەن بېلى.

كۆرەڭ گىتلېر، غالجىر گىتلېر زەھەر يۇتتى،
فاشىست ئاخىر ھەيۋىتىڭدىن تىزنى پۈكتى،
باتۇرلىرىڭ رەيخستاگقا بايراق تىكتى،
شۇندا شانىڭ چەكسىز ئۆستى، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى، ھېچ چېكىنمەي مۇشەققەتتىن،
بۇ دۇنيانى بىر ساقلىدىڭ چوڭ كۈلپەتتىن.

كۈنچىقىشتا ئېلىپ قولغا قانلىق پىچاق،
مىليون ئەلنى زار قاقشاتقان ياپون ئالچاق،
سېنىڭ كۈچۈڭ بىلەن بولدى پاچاق-پاچاق،
شۇڭا شەرق سەندىن رازى، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى، شەرەپ تاپتىڭ بۇ چېلىشتىن،
شۇڭا ساڭا كۈرمىڭ رەھمەت كۈنچىقىشتىن.

شۇ چېلىشتا قوغلىدىڭ سەن شۇم بۇلۇتنى،
سەن تۈگەتتىڭ فاشىست قانخور، بالا-جۇتنى،
بەختكە سەن ئېلىپ ماڭدىڭ نۇرغۇن يۇرتنى،

ئېزىلگەنگە شەپقەت قىلىپ، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى-مەردلەر ئېلى، شەپقەت ئېلى،
تەرپىڭنى توگىتەلمەس شائىر ئېلى[1]

بىزمۇ سېنىڭ شەپقىتىڭدە تاڭلار ئاپتۇق،
ئۇلۇغ كۈرەش دولقۇنىدا غۇلاچ ئاتتۇق،
قازا، زۇلمەت تەختلىرىنى ئۇرۇپ چاقتۇق،
بىزگە ئۇنى سەن ئۆگەتتىڭ، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى، ھېكمىتىڭ كۆپ، مېھرىڭ ئۇ-
لۇق،
مېھرىڭ بىلەن بىزنىڭ كۈنلەر بولدى يورۇق.

شۇندا سېنىڭ شەرپىڭنىڭ يۈكسەلگىنى
ئېچىشتۇردى جاھانگىرلار يۈرىكىنى؛
ئۇلار كەسمەك بولۇپ دۇنيا تۇۋرۇكىنى،
ساڭا پىچاق كۆتۈرمەكتە، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى، سەن چىنىققان ئارسلان سەن،
ئاخىر زۇلۇم ماكانىنى پارچىلايسەن.

بۈگۈن پۈتۈن ئەل ئويغاندى، دەس قوزغالدى،
ئازادلىق دەپ ئۆز جېنىنى قولغا ئالدى،
يېڭىش ئۈچۈن ئۇلار سەندىن ئۈلگە ئالدى،

---

[1] بۇ مىسرادىكى ئېلى—شائىرنىڭ فامىلىسى.

www.uyghurkitap.com

سېنىڭ يولۇڭ بەخت يولى، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى، ئازادلىققا سىگنال بېرىپ،
قېرى دۇنيانىڭ كۆكسىنى ماڭدىڭ يېرىپ.

پۈتۈن دۇنيا بۈگۈن سېنىڭ تەرىپىڭدە،
ئىشىنىدۇ سېنىڭ قىلغان ھەر گېپىڭگە،
تارىخ گۇۋاھ سېنىڭ پارلاق شەرىپىڭگە،
چۈنكى سەندە ستالىن بار، سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى-غالىب ئېلى، ۋىجدان ئېلى،
يوللىرىڭدا چېچەك ئاتار تۇرمۇش يولى.

سەن باشلايسەن يورۇق تاڭغا ئادەملەرنى،
توسالمايدۇ ھېچكىم بىزنىڭ قەدەملەرنى،
كىم ياراتسۇن ئەمدى كونا سەنەملەرنى،
باشلاپ ماڭغان تۇرسا بىزنى سوۋېت ئېلى.
سوۋېت ئېلى-شەرەپ ئېلى، قۇدرەت ئېلى،
مىڭ ئۆرگىلەي سادىغاڭدىن، شۆھرەت ئېلى.

1951-يىل يانۋار.



# تىنچلىق يېڭىدۇ

تارىخنىڭ چامدىمى يىللارنى كېزىپ،
پەللىگە ئىز ئېچىپ بارىدۇ ھەر دەم.
چۈنكى بۇ يۈرۈشنىڭ ئۇلۇغ رولچىسى
دۇنيانى ياراتقان ئەمگەكچى ئادەم.

بۇ يۈرۈش ئىشەنچلىك شۇنىڭ ئۈچۈنكى،
سوۋېتلەر سويۇزى ئاڭا يېتەكچى.
بۇ يۈرۈش تۈنلەردىن تاڭغا يول ئېچىپ،
تۇرمۇش سەيلىسىنى قىلىدۇ تەكشى.

تارىخ رولچىسىنىڭ نۆۋىتى بۈگۈن،
ئۇ ئەمدى زۇلۇمغا قويماقچى چېكىت.
ئۆزىنىڭ ھەققى ئۈچۈن، سائادەك ئۈچۈن
مەيدانغا چۈشتى مىليونلاپ يىگىت.

چۈنكى كىشىلىكنىڭ شۇم ئازغۇنلىرى
ئۆندەرەپ ئوت قويماق بولدى جاھانغا.
ئادەمگەرچىلىكتىن قولىنى سىلكىپ،
پىچاق كۆتۈرۈشتى مىليارد ئىنسانغا.

تەمشىلىدۇ ئۇلار قانلىق ئۇرۇشقا،
قىزىل قان ئۈستىدە قۇرماقچى بەزمە.
گۇناھسىز چانالغان كۆرمىڭ گەۋدىلەر —
جەسەتلەر ئىچىدىن يىغماقچى خەزنە.

ھاياتقا ئوت قويۇش ئۇلارنىڭ كەسپى،
چۈنكى كېلەچەك ئۇلارنىڭ ئەمەس.
ئىدراك، دىت بولسىدى، شۇسى ياخشىكى،
ئادەملەر كۈچىدىن قىلغىنى پەخەس.

ئۇلار يامان، يامان، ھەممىدىن يامان،
شۇڭلاشقا ياخشىنى بۇزماقچى ئۇلار.
سەكرات ئالدىدىكى چايقىلىشى بىلەن
ئۆمرىنى بىزەپچە سوزماقچى ئۇلار.

ھايات دولقۇنلىرىدىن ئۇرغۇغان شاۋقۇن
”يوقالسۇن ئۇرۇش!“ دەپ بويلىدى ئەرشنى.
توۋلىدى زېمىننىڭ پۈتۈن ئادىمى
تىنچلىق مارشىنى-مۇقەددەس مارشىنى.

ئىلگىرى سىلجىدى تارىخنىڭ چاقى،
چەيلىنىپ قېلىۋېرىدۇ جاھانگىر ئاپەت.
ئەي تۇرمۇش لۆجىلىرى، بىلدىڭلارمۇ،
بۈگۈن بىزگىمۇ كېلىپ قالدى نۆۋەت.

ئەنە، ماركس يازغان پارلاق كېلەچەك
چېلىشتا بىر-بىرلەپ كۆتۈردى قامەت.
يۇلۇنغان قامغاقتەك تېنەيدۇ ئەمدى،
قان يۇتۇپ تۇگەيدۇ زۇلۇم كاساپەت.

تىنچلىق سېپىنىڭ مەيدانىمۇ كەڭ،
بۈيۈكتۇر ئۇنىڭ كۈچى ئىنتايىن.
ئاق كۆڭۈل ئادەمزات ئۇنىڭ ئەترىتى،
بايراقدار ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ستالىن.

1951-يىل يانۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گۇڭچەنداڭ ھەققىدە قەسىدە

ئالقىش، شەرەپ ساڭا خاستۇر، گۇڭچەنداڭ،
بۇ بىزلەرنىڭ دىلدىكى چىن ئەقىدە.
مۇبارەكلەپ ئوتتۇز يىللىق تويۇڭنى،
يازاي بۈگۈن شەنىڭ ئۈچۈن قەسىدە.

ئۇزۇن زامان بۇ ئۆلكىنىڭ ئۈستىنى
تۇمان قاپلاپ، زۇلۇم ئەزگەن كۆكسىنى.
ئەل ئېزىلگەن قاراڭغۇ تۈن ئىلكىدە،
ئىچلىرىگە يۇتۇپ قايغۇ-غۇسسىنى.
دەرد قوينىدا قارا داغلار قاپلىدى
جان ۋەتەننىڭ گۈل-چېچەكتەك ھۆسنىنى.
قېنى، تارىخ، جاۋاب بەرگىن،
بۇ ئېلىم—
كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزگەن قاي پەسلىنى؟

يېزىلاردا گاداي دېھقان تەمتىرەپ،
روناق تاپماي، ھاياتىدىن ئەنسىرەپ،
كۆن ئۆتكۆزدى چاكار بولۇپ، خار بولۇپ،
ھالال ئىشلەپ، پارچە نانغا زار بولۇپ.
خوجايىنلار ئادەملەردىن، يەرلەردىن
پۇل يىغاتتى ئاققان قان ھەم تەرلەردىن.
دېھقان چارچاپ ئىشلەپ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن،
قېنىپ ئۇخلاپ ئارام ئالماي يا بىر تۈن،
ھېرىپ-ئېچىپ ئاخىر تەپسە خامانىنى،
دوغا چىقار سۇرۇشتۇرۇپ ئالۋانىنى.
ئاخۇنۇمغا ئۈشۈر بېرىش پەرزدۇر،
باينىڭ قالسا، بۇ-قىيامەت قەرزدۇر.
ھەددى ئەمەس بۇ "پەرز"نى ئۆتىمەي،
دېھقان شۇندا تۇرالمىدۇ داد دېمەي!
ئامالى يوق، قېپى قۇرۇق ياناتتى،
يۈرىكىدە دەرد چوغ بولۇپ ياناتتى.
تېخى يەنە تالاي قەرزگە بوغۇلۇپ،
پۇشايمان يەيتتى قالغىنىغا تۇغۇلۇپ.
دەيتتى ئۇلار: "روزا تۇتۇپ بىزدەكلەر،
ھېيتنى بولسا ئوينايدىكەن بۆلەكلەر."

شەھەرلەردە يوقسۇللار خار ياشايتتى،
كوچىلاردا نان تىلەپ زار قاقشايتتى.
قورساق سالغان فابرىكانت ھەم بانكىرلار،

ئادەم تۇسلۇك، ياۋۇز نىيەت قانخورلار،
قايمىقىغا دەندەپ ئەرزان مىھنەتنىڭ،
ئاچتى يېڭى سەھنىسىنى زۇلمەتنىڭ.
ئېغىر ئىشتىن، ئاشسىزلىقتىن قىينىلىپ،
قالار ئىدى تۇمەن يوقسۇل چەيلىنىپ.
چىدالماستىن نامايىشلار باشلىسا،
تۇرمۇش ئۇچۇن ھەق تەلەپلەر تاشلىسا،
قارشى ئالاتتى خوجايىنلار دوق بىلەن،
زىندان بىلەن، دارلار بىلەن، ئوق بىلەن.

ئېغىر كۈلپەت باشقا چۈشتى قاتموقات،
زۇلۇم قۇشى كۆكتە يايدى شۇم قانات.
ئۇزاقلاردىن دۇشمەن كەلدى ئۈملەپ،
تىمىسقىلاپ، دەرد ياغدۇردى تۆپىلەپ.
بۇ ۋەتەننىڭ ئەزىز قەددى يانجىلدى،
ئېغىر كۈلپەت باغرىمىزنى قان قىلدى.
زۇلۇم تىغى يۈرەكلەرنى تىلاتتى،
تېكىنخورلار گۆشىمىزنى شىلاتتى.
يا قېرىلار ئارام خۇدا تىن ئالماي،
يا بوۋاقلار تۇزۇككىنە ئۇخلالماي،
يا يىگىتلەر زىندانلاردىن قۇتۇلماي،
يا قىزلارنىڭ سۆيگۈ-بەختى ئېچىلماي،
يا جانلارغا قىلچە بەخت دارىماي،
يا باغلاردا بۇلبۇل ئەركىن سايرىماي،

يىغلاپ ئەلنىڭ ياغلىقلىرى ھۆل بولدى،
ھايات چاڭقاق، ماكانىمىز چۆل بولدى.
ئېغىر قايغۇ، غەزەپلەرگە دىل تولدى،
بەخت ئىزدەپ تالاي جانلار كۈل بولدى.
سېغىنساقمۇ ھەر تەمشىلىپ تاڭلارنى،
يوقلىمىدى بەخت مەزلۇم جانلارنى..

ئەشۇ ئېغىر قارا ئازاب-كۈلپەتتىن،
يۈرەكلەرنى قان قىلغان شۇ غەم-دەردتىن،
سەن قۇتقازدىڭ غەيرەت بىلەن، گوڭچەنداڭ،
ئازاد قىلدىڭ شەپقەت بىلەن، گوڭچەنداڭ.
سەن ئىشچىنى ھەممىمىزگە چوڭ قىلىپ،
بارچە تەلەي، ئىشىمىزنى ئوڭ قىلىپ،
يېتەكلىدىڭ كۈرمىڭلىغان دېھقاننى،
يېتەكلىدىڭ ئالغا باسار ئىنساننى.
باشلاپ ماڭدىڭ ئەڭ شەرەپلىك كۈرەشكە،
ئاخىر ئېلىپ كەلدىڭ ئۇلۇغ يېڭىشكە.
سەن بۇ يولدا ھەر توساقنى ئاغدۇرۇپ،
ھەر چېلىشتىن زور يېڭىشلەر تۇغدۇرۇپ،
دۈشمەنلەرنى خەلققە باش ئەگكۈزدۈڭ،
ئۈمىدلەرنى ھەق دادىغا يەتكۈزدۈڭ.
سەن ئوت قويدۇڭ قارا زۇلۇم تەختىگە،
سەن يول ئاچتىڭ مەزلۇملارنىڭ بەختىگە.
سەن سىلىدىڭ يېتىملەرنىڭ بېشىنى،

سەن سۇرتتۇڭ كۆزدىن ئاققان يېشىنى.
سەن كۇندۇزگە ئايلاندۇردۇڭ كېچىنى،
سەن چۇشەندىڭ ھەممە خەلقنىڭ ئىچىنى.
سەن تونۇتتۇڭ مېھنەتكەشنىڭ كۇچىنى،
سەن ئېپ بەردىڭ قانخورلاردىن ئۆچىنى.
سەن مىليونلاپ ئىمجانلارغا نان بەردىڭ.
سەن خارلانغان گادايلارغا نان بەردىڭ.
سەن چېلىشتا نەسلىمىزگە شان بەردىڭ،
سەن شەرقنىڭ تومۇرىغا قان بەردىڭ. . .
سەن بىزلەرنىڭ رىزقىمىزنى كەڭ قىلدىڭ،
ھەر مىللەتنى ھەر ھوقۇقتا تەڭ قىلدىڭ. . .
مېنىڭ ئۆلكەم سەن ياراتقان زاماندىن
بەخت تاپتى، قۇتۇلدى شۇم جاھاندىن.
ھەممە مىللەت بۇ زاماندىن خۇش بولدى،
ئارىسىغا قىل سىغماس چىن دوست بولدى.
بۇندا يوقسۇل دەس كۆتۈردى قەددىنى،
ئالماقتا شۇم خوجايىندىن ئەنتىنى.
سېنى ھەممە ئاتىمىز دەپ سانايدۇ،
بەختىمىزنىڭ كېپىلى دەپ تونۇيدۇ.
گوڭچەنداڭ ھەم ماۋ زېدۇڭ دەپ يۈرەكلەر—
ھۇزۇر ئالار، ئىشەنچ تاپار تىلەكلەر.
ھەممە خەلق بۇگۇن ساڭا ئىشەندى،
دىللىردا شەك قالمىدى ھېچ ئەمدى.
مىننەتدارلىق تاشتى ساڭا كۆڭۈلدىن،

قېرى ھەم ياش، ئەر-خوتۇن، قىز-ئوغۇلدىن!
تەرىپىڭنى كۈيلەپ قوشاق يازغانلار
ساڭا دىلدىن دەيدۇ: يۈز مىڭ ھەشقاللا!
بۈگۈن دىلدىن شۇنداق شوئار ئۇرغۇيدۇ:
گوڭچەنداڭغا، ماۋ زېدۇڭغا باركاللا!

1951-يىل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو خەلقىغە

ئازادلىق دەپ جۇڭخۇا ئېلىدە،
جەڭ قىزىتتى بارچە ئەمگەكچى.
جۇڭگو خەلقى، شۇ ئۇلۇغ جەڭدە
باتۇرلارغا بولدۇڭ يېتەكچى.

سەن خەلقنىڭ ئوغلانلىرىنى
چىنىقتۇردۇڭ ئىسسىق-سوغاقتا.
باتۇرلۇقنى ئۆگەتتىڭ راسا،
قورقۇنچنى قوغلاپ يىراقتا.

پەقەت ساڭا ئەگەشكەن لەشكەر
يېڭىش تاپتى كەينى-كەينىدىن.
نىجاد تاپتى ساڭا ئەگىشىپ،
جەڭ مەيدانى-ئۆلۈم قوينىدىن.

يوق قىلىشتى سىنىڭ لەشكىرىڭ
ئەلنىڭ ئېغىر مۇشەققەتتىنى.
مەردلىك بىلەن تارتتى ئۆزىگە
مىليونلارنىڭ مۇھەببەتتىنى.

لەشكىرىڭنىڭ قەدىمى يەتكەن—
يەردە زۇلۇم يۇمدى كۆزىنى.
بەرىكەت تېپىپ ئەلنىڭ ھەرىكىتى،
بەخت ئاچتى روشەن يۈزىنى.

سەن ئۇلۇغ سەن، شۇنىڭ ئۈچۈنكى،
خەلق بىلەن بولدۇڭ قېرىنداش.
سەن ئۇلۇغ سەن، شۇنىڭ ئۈچۈنكى،
ماۋ زېدۇڭغا بولدۇڭ يولداش.

1951-يىل 1-ئاۋغۇست.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# دەرد

— يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە بېغىشلايمەن.

(بىر دېھقاننىڭ ئاغزىدىن)

كەمبەغەللەر، ئويلايلى
تارتىپ ئۆتكەن دەردلەرنى.
زومىگەرلەر نېمە قىلمىغان
بىزدەك غېرىپ خەقلەرنى.
كىمگە ئاقتۇرغان ئىدۇق
يۈرەكتىكى گەپلەرنى؟!
ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭكى،
دەردىمىزنى تۆكەيلى
تاشلاپ گۇمان-شەكلەرنى!

يالغانمىدى زومىگەرنىڭ
بىزنى شوراپ يېگىنى؟
يالغانمىدى تېرىمىزنى
شىلىپ كىيىم كىيگىنى؟
سۆرۈشتۈرۈپ كۆرەيلىچۇ
شۇ ئىشلارنىڭ تېگىنى،
بىز سەمرىتكەن ئەمەسمۇ
شەڭگەن، باي ھەم بېگىنى!
بىز ئىشلىسەك بايلارغا،
ئۇلار يەيتتى مېۋىنى.
ھۆكۈم بولسا قوللىرىدا،
ناھەق بولسا ھەق بولاتتى
ئۇ شۇملارنىڭ دېگىنى.

”زومىگەرنىڭ نەپسىگە
قانلىرىمىز چاي بولغان،
تەرلىرىمىز ماي بولغان.
تېخى بىز ئازلىق قىلىپ،
بالىلىرىمىز سەي بولغان.
ئۇ شۇملارنىڭ دەستىدىن
كۆرمىڭ جانغا ۋاي بولغان.
ئەقلى بارغا ئايدىڭدەك:
ئۇلار شۇنداق يەپ-ئىچىپ،
كۈندىن كۈنگە باي بولغان.

بەزى يۈزسىز موللىلار
سەللىسىنى پاخپايتىپ؛
يەيتتى باينىڭ ئىشىنى
قورسىقىنى پومپايتىپ.
بايلار ئۈچۈن سۆزلەيتتى
چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ.
ئىككى گەپنىڭ بىرىدە
تەمە بىلەن بايلارنى
پەتىۋا ئوقۇپ ئاقارتىپ
كەمبەغەلگە داغ ئارتىپ،
قاخشىتاتتى گۇناھسىز
پالاق، دەررىگە تارتىپ.

زومىگەرلەر مەنسەپنى
سېتىۋېلىپ، باش بولۇپ،
يۇرت ئىچىنى سورايتتى
زورلۇق بىلەن باشقۇرۇپ.
كىمكى ئۇنىڭ ئالدىدا
تۇرمىسا قول قوشتۇرۇپ؛
ھە، دەپ بېرىپ تۇرمىسا
ئامبىرىنى توشتۇرۇپ،
ھۆكۈمەتكە يۆلىنىپ

دۆمبالايتتى ئۆلارنى
غالچىلارغا باستۇرۇپ.
يوقسۇل دېگەن بىچارە
ئىككى كۆزدىن ياش قۇرۇپ؛
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ،
خاتىرجەم يېيەلمەيتتى
ئاندا-ساندا ماش قورۇپ.
باي ياتاتتى ماھۇقتا
خورەك تارتىپ پۇشقۇرۇپ.
كەمبەغەللەر ئېغىلدا
يېتىپ-قوپۇپ ئۆتەتتى
باشلىرىغا تاش قويۇپ.
قىش كۈنلىرى سوغۇق يەپ،
ئىسسىق يېتىش نەدىكى
ئۆيلىرىگە مەش قويۇپ.
بايلار بولسا ئۇلارنىڭ
گۆشلىرىنى يېيىشكە
ئالغان ئىدى داش قۇرۇپ...
زومىگەرگە شۇ ياخشى
نېمە دېسە شۇنىڭغا
بويۇن ئەگسە تىنچ تۇرۇپ.
ئەگەر دەردكە چىدىماي
قارشى چىقسا دەس تۇرۇپ،
چىقماس ئىدى خۇماردىن

جازاسىنى بەرمىسە
باستۇرۇپ يا ئاستۇرۇپ.

كەمبەغەلنى زومىگەر
ئايرىدى يەر-ماكاندىن.
ئاران تاپقان ئاشلىقنى
بۇلاپ كەتتى خاماندىن.
تېخى يەنە قورقۇتتى
خوراپاتتىن، يالغاندىن:
"كەمبەغەلگە كەمبەغەللىك
پېشانىگە پۈتۈلگەن"—
دەيدۇ ئاتام زاماندىن.
"ئۇنداق ئەمەس" دەپ قويساق،
نېمە كۇلپەت سالمىغان
ئايرىلدىڭ، دەپ ئىماندىن...
زادى بىز ئويلايلىچۇ،
ئۇلار يېگەن پولۇلار
كېلىپتىكەن قاياندىن؟
ئۇ قاۋانلار ياشالامدۇ
ئالۋاڭ، پارە، ئىجارە
ئالماي تۇرسا دېھقاندىن؟
ئويلايلى، بۇ زۇلۇملار
بىزنى ئەزگەن قاچاندىن؟!
يۇرىكىمىز سۇ ئىچتىمۇ

ئۆتمۈش قارا زاماندىن؟
بولدى، ئەمدى دەرد تارتمايلى
ئۇ تويىمسغۇر قاۋاندىن،
ئوغا-زەھەر چاياندىن!
كەمبەغەللەر ياشىيالمايدۇ
ژىنى يامان زومىگەرلەر
يوقالمىسا جاھاندىن.

يۇرەكلەردىن چىقىدۇ
قېرىنداشلار، بۇ گەپلەر.
ئادەم بۇنچە قاقشامدۇ
جىگىرىنى ئەزمىسە
ئېغىر، قارا كۈلپەتلەر؟!
كومپارتىيە كەلمىسە
بۇ چاغقىچە بىزلەرنى
يەپ بولاتتى بۇ دەردلەر.
بۈگۈن بىزدە قورقۇنچ يوق،
كىرسە چىقماس ئۆڭكۈرگە
راۋان بولدى زۇلمەتلەر.
كەلدى بىزنىڭ پەيتىمىز،
قېنى، ئەمدى ھېساب بەرسۇن
كۆڭلى قارا ئەبلەخلەر!

دەردىمىزنى ئويلىغاندا
قايىنىمامدۇ ئىچىمىز.
چايىنىۋەتسەك زالىملارنى
چىقامدىكىن ئۆچىمىز!...
ئەمدى ئۇ زالىملارنىڭ
چىرىك، سېسىق سىرلىرىنى
رەسۋا قىلىپ ئاچىمىز.
قانخورلارنىڭ قىلمىشىغا
لايىق جازا پىچىمىز.
بىزگە باشچى ماۋ زېدۇڭ،
تاغنى تالقان قىلىدۇ
بىزنىڭ بىرلىك كۈچىمىز.
هېساب-كىتاب قىلمىساق،
ئەنتىمىزنى ئالمىساق،
تولۇپ كەتكەن دەردلەردىن
بوشىمايدۇ ئىچىمىز.

1951-يىل دېكابىر، كۇچا.

# تارىخنىڭ ھۆكمى

جۇڭگو ئۆكتەبرى—
نىجاتلىق كۈنى.
تارىخنىڭ بىزلەرگە ئاتىغان بەختى.
ئاخشامقى شۇ ئوپۇر-توپۇر پەيت
كونا جۇڭگونىڭ يىرىلىش ۋاقتى.
تۇغۇلدى بۇندا يېڭى بىر دۇنيا،
تونۇگۈنكى ئاسارەت قولى
بولدى بۈگۈن ئازادلىق جۈپتى.

ئۇلۇغ تەۋرەشلەر ئالغاچقا نۆۋەت،
مىڭ يىللىق پالەچنىڭ دېمى سىقىلىپ،
خائىن دەللالنىڭ،
غەرپتىن ئۆملەپ كەلگەن ياۋۇزنىڭ
ئۆكتەملىكى گۆرگە تىقىلىپ،
يەنئەن باغرىدىن ئېتىلغان توپتىن
شۇم گەۋدە تەختىدىن چۈشتى يىقىلىپ.

يۇرۇش قىلدى بىزنىڭ سىپىمىز
تارىخ چاقىنى ئالغا ئىتتىرىپ.
دەۋرىمىزگە
"غالىب" نامىنى بەخشەندە قىلدى
تارىخ ئۆزى ئەزان قىچقىرىپ.

بىشەملەرنىڭ چىرىك دۇنياسى
غەزەپ بىلەن ماتەمگە چۆمدى
كۆرۈپ بىزدىكى زەپەر-غەلىبىنى.
شۇڭا "ئاق ساراي"دىن چىققان قاراقچى
ئەگەشتۇرۇپ يەنە غالچىلىرىنى،
يان-يېنىمىزدا سالدى غەلۋىنى.

ئۇلارنىڭ چاۋشەندە تۆككەن قانلىرى
زادى يات ئەمەس
ۋۇجۇدىمىزدىكى قىزىل تومۇرغا.
قوشنىمىزنى قىلىپ دەپسەندە،
ئوراپ قارا، سېسىق تۇتەككە،
دەيدۇ تېخى:
"بىز دۇنيانى پۈركەيمىز نۇرغا."

كىم بىلمەيدۇ،
ئۇلار كۆپ زامان
بىزنىڭ قېنىمىزنى ئىچىپ دەندىگەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جياڭ ئاتلىق غالچىغا ئارغامچا بېرىپ،
باغلاپ، چۇشەپ ئەۋلادىمىزنى،
پۈتۈنلا يۇتۇشنى خېلى پەملىگەن.
تۇۋا،
تېخى ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا،
بولۇۋالىدۇ بىزگە غەم يېگەن.

قۇرۇسۇن ئۇنداق راپاۋەتلىرى،
ئاز بولغانمىدى
شۇ نومۇسسىز بۇلاڭچىلارنىڭ
بىزدىن تاپقان تاپاۋەتلىرى!؟
ئۇنىڭ قىزارغان ئىككى كۆزىدىن
چىقىپ تۇرمامدۇ

بىر ئەسىرلىك ئەۋلادىمىزنىڭ
قىزىل قېنىنىڭ نادامەتلىرى...

بىز ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق،
قەلبىمىزدە ئەلەملىك تارىخ—
تارتىپ ئۆتكەن كۆلپەتلىرىمىز.
جاھانگىر پۇشتىدىن ۋاپا يوق بىزگە،
مۇشت تۈگۈپ تۇرىدۇ شۇڭلاشقا بۈگۈن
يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە
باغرى زەرداب ئەۋلادلىرىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نادانلىق
جاھانگىردىن ئىنساپ تىلەپ،
قىلماق ئىلتىماس.
بۇ ئۇلۇغ يەكۈن
لېنىندىن بىزگە قالغان گاڭ مىراس.
مەزلۇملارنىڭ قانلىرى بۈگۈن
قان سورايدۇ قاتىللىرىدىن؛
ئادەم ئۆلىدۇ،
ئۆلمەيدۇ قىساس.

پوپۇزىلاردىن چۆچۈپ قالمايمىز،
"ئاللا-توۋا" ئەندىشە بىلەن
كىندىكىمىز قوش ئەمەس بىزنىڭ.
بىزنى ھەرگىز يېتىم دېمەڭلار،
قۇيۇنغا بوزەك قامغاق دېمەڭلار،
يىلتىزىمىز بوش ئەمەس بىزنىڭ.

دۇنيانى يارىتقان ئەمگەكچى ئىنسان
بىزنىڭ ئەلنىڭ تولۇق ئىگىسى.
شۇڭلاشقىمۇ
چېچىلمايدۇ بۇلاڭ-تالاڭغا
زامانىمىزنىڭ ھالال مېۋىسى.

بىراۋنىڭ ھالال نېسىۋىسىگە
كىمكى سوزسا ياۋۇز قولىنى،
ئىلىندۇرىدۇ ئىلگەككە چوقۇم
تويماس گېلىنى.
بىراق جاھانگىر دېگەن ئۆكتەمنىڭ
چۈشەنگۈسى كەلمەيدۇ پەقەت
ھەقىقەتنىڭ بۇ ئېنىق تىلىنى.
ھەقىقەتنى—تارىخ ھۆكمىنى
رەت قىلىپ بولماس
چىقارغان بىلەن ئۆكتەم دولىنى.
بەس،
جاھانگىرغا ئۆتمەس نەسىھىتىمىز،
ئوينىشسا ئوينىشسۇن ئوت بىلەن، مەيلى؛
شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ شۇ پەيلى
سورۇيدۇ كۆككە ئۆزىنىڭ كۇلىنى.

1951-ۋە 1962-يىل، ئۇرۇمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ماۋجۇشىغا خەت

سالام ساڭا، ماۋجۇشى،
پاختەكلە دېگەن يەردىن.
زامانىڭدا كۆچ تاپقان
ئازاد دېھقان خەقلەردىن.

بىزنى دەردتىن قۇتقۇزۇپ،
ئازادلىقنى سەن بەردىڭ.
سەن بولمىساڭ بۇ كۈننى
تاپالايتتۇق بىز نەدىن؟...

بۈگۈن سىنىڭ دەۋرىڭدە
يېزىمىزدا توي بولدى.
بىزلەر كۈلدۇق، دۈشمەنلەر —
بىتجىت بولدى، خوي بولدى.

بۇ ئازادلىق زاماندىن
ھۇزۇر ئالدى يۇرەكلەر.
تىرىكتاپنى بېقىشتىن
ئازاد بولدى بىلەكلەر.

ئازاد قولدا يازدۇق بىز
ساڭا ئاتاپ بۇ خەتنى.
دەردىمىز ھەم بەختىمىز
پۇتۇلگەن شۇ ھۇججەتنى.

* * *

ئۇزاق ئاتام زاماندىن
تەڭلىك يوقتى بۇ يۇرتتا.
تىرىكتاپلار دەستىدىن
كۆيگەن ئىدۇق بىز ئوتتا.

نۇرغۇن ھۆكۇمەت ئۆتتى
بىزلەرگە قىلىپ زورلۇق.
شۇنچە كەڭرى دۇنيادىن
بىزلەر كۆرمىدۇق خوۋلۇق.

پاختەكلىدە ئىشلەيتتۇق
زەيكەشلىكتە، شاللىقتا.
ھالاۋەتنى كۆرمەستىن،
كۇن ئۆتتى سامانلىقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

جاپاسىنى بىز تارتتۇق
پاختەكلىدە ئاش تېرىپ.
غوجام ئۆستى خامىنىنى،
بىزلەر قالدۇق باش تېرىپ.

ئىشلەپ ھېرىپ كەچ كۈزدە،
قايتتۇق ئۆيگە قاپ قۇرۇق.
قىش-زىمىستان باشلانسا،
زار يىغلايتتۇق ئاھ ئۇرۇپ.

بىر ياقتىن سوغۇق دەردى،
بىر ياقتىن قورساق دەردى.
باغرىمىزنى قان قىلدى
بىر ياقتىن تاياق دەردى.

باللىرىمىز چىدالماي،
تىترەپ قاقشاپ نان دەيتتى.
كېسەل بولۇپ سارغىيىپ،
ۋاي جان دەيتتى، جان دەيتتى.

بەگ، دوغا كېلىپ بىزنى،
دۆشكەلەيتتى، سەتلەيتتى.
تېز بەرمىسەك سېلىقنى،

"ماڭ، يامۇلدا يات!"— دەيتتى.
"ھېچ بىر نېمەڭ بولمىسا،
بالىلىرىڭنى سات"- دەيتتى.
يىغلاپ، قاقشاپ يېلىنساق،
"پېشانەڭگە پۈتۈلگەن—
جازايىڭنى تارت"— دەيتتى.
غىدىڭ-پىدىڭ دەپ قويساق،
چېرىكلەرگە ھۆكۈمەت:
"مىلتىق بىلەن ئات— دەيتتى.
زارلاپ ئەسكى زاماندىن،
تالاي يوقسۇل تەمتىرەپ،
خۇدا دەيتتى، داد دەيتتى.
تالاي يوقسۇل غەزەپتە
ھەسرەت يۇتۇپ ئىچىگە،
"ئامان بولساق. . .
خەپ! . . ."— دەيتتى.

بۇ كۈلپەتنىمۇ ئاز دەپ،
تىنماي تۇتتى ھاشاغا.
چۆللەردە جەسەت قالدى،
بالا كېلىپ باشلارغا.

تازا ماتا كۆرمىگەن
بىزنىڭ يېغىر ئۈستىمىز.

تىرىكتاپقا قوْل بولغان
بىزنىڭ يەتمىش پۈشتىمىز.

ھەيۋە بىلەن قورقۇتقان
زومىگەر شۇم ئالۋاستى.
نارىسىدە قىزلارنى
قىلاتتى ئاياغ ئاستى.

كېچە-كۈندۈز تىنىم يوق،
يا ھوسۇلدا ئۈنۈم يوق.
بىر ناننى پۈتۈن يېسەك،
زالىم ئالدىدا كۈن يوق.

قاقشاش بىلەن ئۆتكۈزدۇق
كېچە بىلەن كۈندۈزنى.
بىز بېقىپ سۆڭەك بولدۇق
يەتتە باش يەلمۆڭگۈزنى.

ئاش-نانىدىنمۇ ئايرىلدۇق،
ماكانىدىنمۇ ئايرىلدۇق.
زالىملارنىڭ دەستىدىن
تېنەپ-تەمتىرەپ قالدۇق.



ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى www.uyghurkitap.com

تالاي جانلار گۇناھسىز
تېنىدىن جۇدا بولغان.
مۇتتەھەملەر ئالدىدا
ياشاشمۇ گۇناھ بولغان.

تۇگىمەيدۇ ئېيتقانغا
تارتىپ ئۆتكەن كۇلپەتلەر.
ئاز قالغان ئەدى بىزنى
يەپ بولغىلى بۇ دەردلەر.

ئاشۇ ئېغىر ئازابتىن،
شۇملۇق قارا دوزاختىن
ئازاد قىلدىڭ، ماۋ زېدۇڭ،
يادلاپ بىزنى ئۇزاقتىن.

سەن باش بولغان گوڭچەنداڭ
بىزگە بەخت ئاتا قىلدى.
سانسىز كەمبەغەللەرنى
زۇلۇمدىن ئادا قىلدى.

گومىنداڭنىڭ ھۆكمىنى
يوق قىلدى، بىكار قىلدى.
بارچە كەمبەغەللەرگە
"ئويغان!" دەپ جاكار قىلدى.

قارا زىندان بۇزۇلدى،
زەنجىر، كىشەن ئۈزۈلدى.
ئەسكىلىكنىڭ ئورنىغا
يېڭى زامان تۈزۈلدى.

بەختىمىزنىڭ يۇلتۇزى—
گوڭچەنداڭنى دوست بىلدۇق.
زالىملارنىڭ ئۈستىدىن
ئاخىر تاپتۇق ئۈستۈنلۈك.

كادىرلار چىقىپ كەلدى
ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ.
زالىملار تىپىرلاشتى
قېچىشقا تۆشۈك ئىزدەپ.

كادىرلارنىڭ ئالدىدا
دەردىمىزنى تۆكتۇق بىز.
ئازادلىقنىڭ يولىدا
جېنىمىزنى تىكتۇق بىز.

بىز ئۆملىشىپ، دۈشمەنگە
راسا بەردۇق دەككىنى.

بېسقتۇردۇق كۆرەشتە
زومگەردىن ئىككىنى.

ئېلىۋالدى دەردمەنلەر
ئۇ شۇملاردىن ئۆچىنى.
بۇنىڭ بىلەن يۇرتىمىز
بىر بوشاتتى ئىچىنى.

ئىجارىمۇ كېمەيدى،
جازانىمۇ يوقالدى.
شۇندىن كېيىن پاختەكلە
ئازاد يېزا ئاتالدى.

* * *

ئۇزۇن ئۆتمەي يېزىغا
يەنە كەلدى كادىرلار.
بەختىمىزگە باشلىدى
ئىسلاھاتنى بالدۇرلا.

تەۋرەپ تاشتى يېزىمىز
زەپ قىزىق كۆرەش بولدى.
پومېشچىك دېگەنلەرنىڭ
تىللىرى كېكەش بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى پىكتى
www.uyghurkitap.com

ھەممە ھوقۇق بېرىلدى
كەمبەغەل ھەم باتراققا.
ئوتتۇرا[1] بىلەن دوست بولۇپ،
ئۇيۇشتۇردۇق ئەتراپقا.

بايلارغا گەپ قىلمىدۇق،
پومېشچىك يېدى سوققا.
ئورۇن قالمىدى ئەمدى
قان ئىچكۈر تىرىكتاپقا.

چىقىپ كەتتى كۈرەشتە
پومېشچىكنىڭ رەسۋاسى.
تەگدى دەللىگەن يەرگە
كەمبەغەلنىڭ پەشۋاسى.

كۈرەش بىلەن پۈكتۈردۇق
پومېشچىكنىڭ تىزىنى.
تازا ئالدۇق يامىنىنىڭ
خامىرىدىن بېزىنى.

① ئوتتۇرا—"ئوتتۇرا دېھقان" دېگەن سۆز بولۇپ، دېھقانلارنىڭ سىنىپي تەركىبلىرىدىن بىرى.

ھېسابلاشتۇق بىر باشتىن،
ھەققىمىزنى ئۇندۇردۇق.
مەن-مەن دېگەن غوجامنى
ھۆكۈمىمىزگە كۆندۈردۇق.

ئادالەتلىك يول بىلەن
يەر، سايماننى بۆلۈشتۇق.
ھەممە نەرسە ئىگىسىگە
ياندى دەپ خوش بولۇشتۇق.

شۇنداق قىلىپ ھەيدىدۇق
قېرى ھەم ئېغىر دەردنى.
قۇرۇۋالدۇق ئۆزىمىز
ھەق-ئادىل ھۆكۈمەتنى.

يەر كۆردۇق، ماكان كۆردۇق
ھەم يېڭى چاپان كۆردۇق.
بىزلەرگە قورال بەرگەن
زەپ ئادىل زامان كۆردۇق.

بىز سېغىنغان ھۆر زامان
يالغان ئەمەس، راست كەلدى.
خوشلۇق سىغماي قىنلارغا،

كۆزىمىزگە ياش كەلدى.

يېزىمىزدا توي قىلدۇق
تەبرىكلەپ ئۇتتۇقلارنى.
ياغدۇردى بۇ تويىمىز
زوق ئۇستىگە زوقلارنى.

بۇ ئۇتتۇقنى بىزگە بەرگەن
سەن ئۆزۈڭ سەن داھىمىز.
خىسلىتىڭدىن نۇرغا تولدى
ئەمدى بىزنىڭ بېغىمىز.

خۇشلىقىمىز تۈگىمەس
ئىتتىپاق مىڭدىن بىرىنى.
قوندۇرمايمىز بەختىمىزگە
ئەسكىلىكنىڭ كىرىنى.

بىلىمىز بىز بۇ ئازادلىق —
دەۋرىمىزنىڭ قەدرىنى.
ئەمدى زادى تارتمايمىز
يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى.

ئەمدى بىزنىڭ ئۆمرىمىز
ھېچ مەنىسىز ئۆتمەيدۇ.

ئىشتا تۆككەن تەرىمىز
زادى بوشقا كەتمەيدۇ.

قايناق زوقلار قوينىدا
بىزنىڭ ھەربىر ۋاقتىمىز.
ئەنە، پارلاپ تۇرۇپتۇ
ئەتە كۈنكى بەختىمىز.

ئەمدى ئۆتكۈر سۆزىمىز،
جاراڭلايدۇ سازىمىز.
ئەي سۆيۈملۈك داھىمىز،
سەندىن تاغدەك رازى بىز!

سەن ياراتقان بۇ زامان
ھۆر زامانە كەڭتاشا.
داھىمىز ماۋجۇشىمىز
بول ئامان، مىڭ-مىڭ ياشا! . . .

1952-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئالدىرىسى

# دېھقان قىزنىڭ ناخشىسى

بەلنى مەھكەم باغلايمەن،
ئىشلەپ زادى تالمايمەن.
مەن-مەن دېگەن يىگىتنى
ئېتىزلىقتا چاغلايمەن.

ئانام دەيدۇ: ھورۇنغا
بېرىدىغان قىزىم يوق.
ھورۇنلارغا مېنىڭمۇ
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

ئېتىزلىققا قارايمەن،
ئىشچانلارنى تاللايمەن.
ئىشتا پىشقان يىگىتنىڭ
سادىغىسى بولاي مەن.

ئىشتا پىشقان ئەي يىگىت،
قوشۇلساڭچۇ ناخشامغا.
ئالدىرىما، توي قىلىمىز
كۆزلۈككە بىر ئاخشامدا.

1952-يىل، ئۈرۈمچى.

# كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
قاراپ كۆزۈم تەلمۈردى،
بىر قارىساڭ ئۆلەمسەن؟

* * *

سەھەر چىقىپ ئۆستەڭگە،
كۆردۈم سېنى يىراقتىن.
ئىز نىققاندەك يولۇمدىن،
ئەگىپ ئۆتتۈم بۇلاقتىن.

باقسام، كەتمەن قولۇڭدا،
سۇ باشلاپسەن ئېتىزغا.
شۇ تۇرقۇڭدا، چىمەنگۈل،
ئوخشىمايسەن ھېچ قىزغا.

زوقۇم كېلىپ ئىشىڭغا،
بارغۇم كەلدى قېشىڭغا.
بىر گەپ قىلغۇم بار ئىدى،
تەگمەي دېدىم چىشىڭغا.

كەلگىنىمنى بىلسەڭمۇ،
كۆتۈرمىدىڭ بېشىڭنى.
تاڭ شاملى مەن بولسام،
ئوينار ئىدىم چېچىڭنى.

يوشۇرۇندى چولپانمۇ
ئۇيالغاندەك سېنىڭدىن.
مەنمۇ تارتىپ خىجالەت،
ئۆتۈپ كەتتىم يېنىڭدىن.

* * *

قايتىشىمدا چۈش بىلەن
كۆزلەپ ماڭدىم ئۇزاقنى.
كۆك بوغداينىڭ ئىچىدە
كۆردۈم لەيلىقازاقنى.

لەيلىقازاق دېگىنىم
سەن ئىكەنسەن، قارا كۆز.
گۈل قىسقاندەك بولۇپتۇ
سېنىڭ بىلەن دالا-تۈز.

* * *

مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ،
قايتقان ئىدىم ئاخشىمى؛
ئېيتىپ كەتتىڭ بۆلەكچە
يېقىملىق بىر ناخشىنى:

”يىگىت بولساڭ ئىشچان بول،
ئىش قويندا پىشقان بول.
ئەل سەگىسۈن ئەجرىڭدىن،
چۆل قويندا بوستان بول!

يىگىت بولساڭ باتۇر بول،
ھالال ئىشقا ماھىر بول.
تاپاي دېسەڭ زۆھرەنى،
ئەل ئىشقىدا تاھىر بول!“

* * *

ئۆرگىلەي شۇ ناخشاڭدىن،
يۈرىكىمنى ئويناتتىڭ.
يىگىتلەرگە شەرتىڭنى
ناخشاڭ بىلەن ئاڭلاتتىڭ.

سىناپ كۆرگىن سەن مېنى،
يارايمەنمۇ شەرتىڭگە.

قوبۇل قىلساڭ تاپشۇراي
يۇرىكىمنى ئىلكىڭگە.

خىسلىتىڭگە تەسەددۇق،
چوغ ئىكەنسەن، چىمەنگۇل.
كۆيگىنىمنى بىلدۇرەي،
كىملىكىمنى ئۆزۈڭ بىل.

1952-يىل، ئۈرۈمچى.

# تىل تاپسام

تىل تاپسام دەپ تىلەيمەن دائىم،
ئىشق سۆزىنى سۆزلەشكە ئايرىم.

پۈتۈلمىدى ماڭا ئۇنداق تىل،
بۇ ئەلەمگە كۆنەلمىدى دىل.

تىل بىلەن دىل شۇنداق ياتمىدۇ؟
ئېيتقىن، سەنمۇ شۇنداق دەردتىمۇ؟ . . .

ئەگەر كۆيسە يۈرىكىڭ ماڭا،
يۈرىكىمنى بېرىمەن ساڭا.

1952-يىل.

# نېگىر سولداتنىڭ خېتى

—چاۋشيەن ئۇرۇشىغا مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنگەن ئامېرىكىلىق نېگىر سولداتنىڭ ئانىسىغا يازغان خېتى

جېنىم ئانا، خېتىمنى كۆرۇپ،
يىغلامسەنكىن كۆزۇڭگە سۇرۇپ؟!

ياشلىماستىن، ئانا، كۆزۇڭنى،
دىلىڭ بىلەن ئاڭلا سۆزۇمنى.

بالاڭ هازىر سەندىن ئۇزاقتا،
جۇت ئوينىغان قارا دوزاختا.

مېنى سولداتقا خەتلىگەن چاغدا،
قالغان ئىدى يۇرىكىڭ داغدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆز ئالدىمدا تا ھازىرغىچە:
ئانا، سەندىن ئايرىلغان كېچە.

ساقچى ھەيدەپ ماڭغاندا مېنى،
بىلدىم، يىغا قىستىدى سېنى.

چىدىمىدى سېنىڭ يۈرىكىڭ،
ئۈنداق ئەمەس ئىدى تىلىكىڭ.

سەن تىلەيتتىڭ بەختىمنى دائىم:
"بالا-قازادىن ساقلا، خۇدايىم!"

بۇ ئۈمىدلەر بىر پۇل ساقچىغا،
(بەلكىم، قولدۇر ئۈمۈ ئاقچىغا.)

ئېلىپ بېرىپ بىر گەزەرمىگە،
سالدى بىزنى ئېغىر ۋەھىمىگە.

كېيىن چوڭلار خېلى سۆزلىدى،
بەزىلەرنى ئالداپ بەزلىدى.

بىزگە ۋەدە قىلدى بەختنى،
گويا شاھلىق تاجۇ تەختنى.

بارىسلەر چاۋشىيەنگە، دېدى.
بارىسلەر گۇلشەنگە، دېدى.

ئۇقمايسىلەر نېمىشقا؟-دېدى،
بارىسلەر بېھىشقا، دېدى.

شۇنداق ۋايساپ ئالدىدى بىزنى،
ئۇزۇن ئۆتمەي ھەيدىدى بىزنى.

دىل ئەنسىرەپ،
باشلار تەمتىرەپ،
چەكسىز دېڭىزدا ماڭدۇق ھەپتىلەپ.

قورۇقلۇقتا چىققاندىن كېيىن
بولدى ئەھۋال تېخىمۇ قىيىن.

ئېلىپ ماڭدى يېزا، شەھەردىن،
ئاتام-ئانام كۆرمىگەن يەردىن.

نەدىكىن دەپ بەختىمىز بىزنىڭ،
كۆتكەن ئىدۇق زارىقىپ يۈزمىڭ؛

ئېلىپ كەلدى جەڭنىڭ ئۈستىگە،
سېلىپ قويدى دەھشەت ئىچىگە.

www.uyghurkitap.com

باشلىق دېدى:
”نېمە گەندىشە؟
هازىرەتلىك پەللىمىز مەشە!

مەشەدە بار بىزنىڭ بەختىمىز،
مەشەدە بار تاجۇ تەختىمىز.

پۇلنى تېپىپ مۇشۇ ماكاندىن،
قايتىپ، هېيتنى ئوينايمىز ئاندىن.

هەر ئىشنى هەل قىلىدۇ بۇيرۇق،
تولغىماڭلار بۇيرۇققا قۇيرۇق!“

كۆپ ئاڭلىدۇق مۇنداق گەپنى بىز،
سۆزلىيەلمەيمىز قارشى بىر ئېغىز.

يۈرەك دۈپ-دۈپ،
تىترەيدۇ بەدەن،
بىراق ئۆلىسەن تولغىساڭ گەدەن.

ئۆپ-چۆرىمىز تۆتەك بىلەن ئوت،
بومبا، زەمبىرەك، مىلتىق، پىلىموت...

كېلىپ تۇرىدۇ ئۆلۈم پۇرىقى،
دىلدىن ئۆچتى ئۈمىد چىرىغى.

مېنىڭدەكلەر ھەسرەتكە چۈشتى،
باشلىقلىرىمىز ئىشرەتكە چۈشتى.

بۇ يەرگە كېلىپ ئىككىنچى كۈنى،
باشلىق يېنىغا چاقىردى مېنى.

— نېمە ئىش؟ -دەپ كەلسەم شاپاشلاپ،
ئېلىپ ماڭدى ئۇ مېنى باشلاپ.

چۈشۈپ ئىككىمىز چىغىر ئىزىغا،
بىر پەس مېڭىپ كىردۇق يېزىغا.

بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
باشلىق ماڭا بىردىن قايرىلىپ:

— توختا، ئىشىكتە ساقلاپ تۇر! -دېدى،
(ھە، ئۆزىمۇ راسا مەست ئىدى).

كۆرەڭلىككە ئورالدى ئەپتى،
بېرىپ ئېتىك ئىشىكنى تەپتى.

ئىچىلمىدى تەپكەنگە ئىشىك،
باشلىق مېنى: كەل، دېدى، ئىتتىك!

— ئاچقىن، ـ دېدى، ـ ئىشىكنى ئۇرۇپ،
ئاچمىسا ئەگەر، ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ.

ئاچالمىدىم تېپىپ، ئىتتىرىپ،
باشلىق دېدى:
— ئاچ ئامال قىلىپ!

باشلىقىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن،
ئۇردۇم مىلتىقىنىڭ قوندىقى بىلەن.

ئىشىك تاراقلاپ چۈشتى تۆۋەنگە،
باشلىق كۆلۈپ قاقتى مۈرەمگە.

شۇ هامان ئۆيدىن چىقىپ بىر توقماق،
ئويناپ كەتتى بېشىمدا ۋاق-ۋاق.

تەمتىرەپ قېلىپ كەينىمگە ياندىم،
باشلىق باردى ئىشىككە ئاندىن.

ئۇمۇ يېدى بېشىغا توقماق،
ياندى ئۇنىڭ كۆزىدە چاقماق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىقىمىزنىڭ گەجگىسى قاتتى،
ئۆيگە قارىتىپ تاپانچا ئاتتى.

دېدى ئاندىن:
— كىرىپ باق، قېنى!
ئۇنىمىسام ئاتقىدەك مېنى.

ئۆيگە شۇنداق قويسام قەدەمنى،
كاپ قىلىپ بىرى تۇتتى پۇتۇمنى.

بىر تارتقان ئىدى، چۈشتۈم ئوڭدامغا،
توقماق كېلىپ تەگدى كاللامغا.

بېشىم يېرىلدى تەككەن تاياقتىن،
مىلتىقنى كىمدۇ تارتتى بىر ياقتىن.

بىر چاغدا سىرتتىن بىر ئوق ئېتىلدى،
مېنى ئۇرغاندىن بىرى يىقىلدى.

باشلىق ئىكەن تاپانچا ئاتقان،
بىر موماي ئىكەن يىقىلىپ ياتقان.

باشلىق ئۆيگە شۇ ھامان كىرىپ،
كۆلۈپ كەتتى مومايىنى كۆرۈپ.

كىلىپ تۇراتتى موماي قىشىغا،
بىر تاياق كىلىپ تەگدى بىشىغا.

باشلىق بىردىن بۇرۇلۇپ ئارتقا،
كۆزى چۈشتى كىچىك قىزچاققا.

ئانچە پەرۋا قىلماي تاياققا،
كۈلۈپ، ئۆزىنى ئاتتى شۇ ياققا.

شۇ چاغدا موماي باشنى كۆتۈرۈپ،
باشلىقىمغا قاراپ تۈكۈرۈپ،

تۈگۈۋىلىپ كۈچ بىلەن مۇشنى،
غۇچۇرلاتتى غەزەپتە چىشنى.

چاقناپ كەتتى كۆزلىرى چوغدەك،
كىرپىكلىرى تىكلەشتى تىغدەك. . .

ئۇنىڭ قەلبى تولدى غەزەپكە،
تەمشەلدى ئۇ قىزى تەرەپكە.

بىراق ئۇنىڭدا مىدىراشقا ھال يوق،
قوزغىلالماي قالدى، ئامال يوق.

باشلىقىمغا ئالىيىپ بىر پەس،
ئۇلۇغ-كىچىك ئالدى بىر نەپەس.

-تۇفى! . . . -دېدى كۈچەپ سىلكىنىپ،
كۆزلىرىدىن كەتتى ئوت يېنىپ.

باشلىق يەنە بىر ئاتتى ئۇنى،
چىقتى مومايىنىڭ تەسلىكتە جېنى.

باشلىق مېنى: چىقىپ تۇر، دېدى،
ئىشىك ئالدىنى بېقىپ تۇر، دېدى.

چىقتىم ئانچە بىلمەي ئېسىمنى،
كېيىن ئاستا تاڭدىم بېشىمنى.

بىر چاغدا قىز چىرقىراپ كەتتى،
مېنىڭ بېشىم پىرقىراپ كەتتى.

كېيىن ئۆيدە تاپانچا ئېتىلدى،
تېنىم جۇغۇلداپ، دېمىم سىقىلدى.

بىر چاغدا باشلىق ئىشىكنى ئېچىپ،
ئاستا سىرتقا چىقتى دەلدەڭشىپ.

قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ يۈزى،
جىرتاق بولۇپ قاپتۇ بىر كۆزى.

ئېغىزلىرى خۇددى كالاچتەك،
مېڭىشلىرى سۆرەم پالاستەك.

بوش كەلمەپتۇ دۈشمىنىگە قىز،
قالدۇرۇپتۇ خېلى ياخشى ئىز...
. . . . . . . . . . .
ھە دېگەندە كۆردۈم شۇ ئىشنى،
كۆردۈڭمۇ ئانا، مۇنداق "بېھىش"نى!؟

بۇ خەقلەرنىڭ گۇناھى نېمە؟
تەقدىرى شۇنداق يېزىلغان دېمە!

گۇناھى شۇ—قوغداش ۋەتەننى،
قۇتقۇزۇۋېلىش ئوتتىن ئادەمنى.

تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم مەن،
بىراق مەردلىك قىلالمىدىم مەن.

مۇنداق ئىشلار ساماندەك، ئانا،
تاپالمىدىم ھېچ يەردىن پاناھ.

بىزنىڭ چوڭلار تولىمۇ ئەسكى،
قىلچە شەپقەت بولسىچۇ كاشكى.

ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدۇ ئۇلار،
ئانا قەدرىنى بىلمەيدۇ ئۇلار.

ئۆلتۈردى كۆرمىگ ئانىنى يانجىپ،
كۆرمىگ بالىنى نەيزىدە سانجىپ.

قورالىقنى كۆرسە قاچىدۇ،
تىنچ ئاھالىگە مىلتىق ئاتىدۇ.

ماختىنىدۇ باشلىقلىرىمىز:
”مانا بىزنىڭ باتۇرلۇقىمىز!“

تولا قىلىدۇ يالغان گەپ-سۆزنى،
جاللاتلىققا سالىدۇ بىزنى.

مۇنداق يامان بولامدۇ پەسلىك؟
بۇ ئىشلار سالدى دىلىمغا غەشلىك...

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتكىلى
www.uyghurkitap.com

ئانا، قولاق سال مونو بىر سۆزگە:
يەنە بىر سىر پاش بولدى بىزگە.

بۇ ئىش باشلانغان بولتۇردىن بېرى،
بىزگە يوشۇرۇن ئۇ چاغدا سىرى.

بىزگە پات-پات ئوكۇل سالىدۇ،
بىزدەكلەر بۇنىڭا ھەيران قالىدۇ.

ئاخىر بۇ سىر ئېچىلدى چەتكە،
(ياپقىلى بولماس ئاينى ئېتەكتە.)

بىزنىڭكىلەر جۇڭگو، چاۋشيەندە
ئىشلىتىپتۇ مىكروبنى جەڭدە.

بۇنىڭ بىلەن ھاياتنى قىرىپ،
نېمە بولارمىز، نەلەرگە بېرىپ.

ئامېرىكىدىكى ھەقىقەت شۇمۇ؟
ياق،
ئانا، بۇ — ۋەھشىيلىك جۇمۇ!

باشلىقلىرىمىز ئاشتى ھەددىدىن،
جاق تويدۇق بىز ئۇرۇش دەردىدىن.

بۇ ئىشلارغا بىز رازى ئەمەس،
ئۇرۇشقا قارشى ئادەم ئاز ئەمەس.

چوڭلار ئىچىدە گۇمان — شەك تولا،
سولداتلارنىڭ دەردى بەك تولا.

نېگىر بولسۇن،
مەيلى "ئاق" بولسۇن،
دەيدۇ تولىسى:
"ئۇرۇش يوق بولسۇن!"

مۇنداق ۋەھشىيلىك زادى قايدا بار؟
بىزگە ئۇرۇشتىن نېمە پايدا بار؟

ھەققىمىز يوق چاۋشىيەندە بىزنىڭ،
چاۋشىيەن بولسا، چاۋشىيەن ئۆزىنىڭ!

ئۇلار ئازادلىق، تىنچلىق تىلەيدۇ،
شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەشتۇق دەيدۇ.

زادى ئۇلارنىڭ دېگىنى توغرى،
ئۇلار باسمىچى ئەمەس، يا ئوغرى.

ئۇلار بىزگە قول شىلتىغەن ئەمەس،
ئانىمىزنى ئۆلتۈرگەن ئەمەس.

ئۇلارنىڭ كۆڭلى بەكمۇ ئاق ئىكەن،
قىلچە يامانلىق قەستى يوق ئىكەن.

تىنچلىق ئۈچۈن سۆھبەتمۇ بولدى،
(بۈنىڭغا ئۇزۇن مۇددەتمۇ بولدى.)

بىز تەرەپ تۇتۇپ يامان مەقسەتنى،
بۇزماقچى بولدى يەنە سۆھبەتنى.

نېمىشقا بۇزماق بولدى بىز تەرەپ؟
(تاپماقچى ئىكەن ئۇرۇشتىن "شەرەپ").

سۆھبەت چاۋشيەننىڭ تۇغقىنى ئەمەس،
ياكى بىزدىن قورققىنى ئەمەس.

ھىيلە ئەمەس ئۇلارنىڭ گېپى،
كۆچكە تولغان ئۇلارنىڭ سېپى.

ئۇلارنىڭ كۈچى خورىماس مەڭگۇ،
تاغدەك مەدەتكار ئۇلارغا جۇڭگو.

ئۇلارغا يۆلەك سوۋېتلەر ئېلى،
ساپ نىيەتلىك ئادەملەر دىلى.

سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ بۇنى،
تەۋەككۇلچىلەر بىلمەيدۇ بۇنى.

بىزنىڭ چوڭلار ھە دەپ قۇترايدۇ،
زادى ئىچىدە توڭگۇز قاترايدۇ.

ئىتلىقىنى قىلغۇسى كەلدى،
زادى بېشىنى يېگۈسى كەلدى.

بىز ئامېرىكىدىن خەۋەر كۈتىمىز،
دەيمىز: ”قاچان ئۆيگە كېتىمىز؟“

پىكرىمىز شۇ كېچە ۋە كۈندۈز،
ئاڭلاپ قالدۇق يېقىندا بىر سۆز:

”پات-يېقىندا سايلام بولغۇدەك،
ئاندىن ئۇرۇش تامام بولغۇدەك.“

ئاڭلىساق، سايلام ئۆتۈپ كېتىپتۇ،
ئېيزىنخائۇئېر تەختكە چىقىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ: ”رەئىس بولسام، — دەپتىكەن ئاۋۋال، —
توختىتىمەن ئۇرۇشنى دەرھال.“

يورغىلىتىپ ئۇمۇ سۆزىنى،
راست بوياپتۇ خەقنىڭ كۆزىنى.

مىكرى تولا بۇ تۈۋى بوش تەختىنىڭ،
تىلى ئاستىدا تىلى بار بۇ خەقنىڭ.

تۈز نىيەت يوق ھېچبىر ئىشىدا،
ئۇرۇش خىيالى دائىم بېشىدا.

ھەددىدىن ئاشتى بىزنىڭ ھۆكۈمەت،
ئاشتى ۋەھشىيلىك، زۇلۇم، ئوقۇبەت.

ئەگەر ماڭسا ئىش شۇ قېلىپتا،
ئاق ش. چوڭ دەردكە بولار گىرىپتار.

ئالدىنقى سەپتە دەردمەن لەشكىرى،
ئارقا سەپنىڭ مېھنەتكەشلىرى،

قىزىل تۇغنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،
زۇلۇمنىڭ قارا تەختىنى چېقىپ،

ئۇئېل-سترىتتىنى قىلىدۇ يەكسان،
ئۆز بەختىنى تاپىدۇ چاپسان.

دۇنيا ئۇچۇن بىر بەخت لازىمدۇر،
ئۇ بولسىمۇ كوممۇنىزمدۇر.

ئىشىنەرسەن ئانا، سۆزۈمگە،
جىلۋە قىلار شۇ كۈن كۆزۈڭدە.

شۇنداق بولىدۇ ئانا، ئەلۋەتتە،
ۋەتەن قالماس دائىم كۈلپەتتە.

سېغىندىم ئانا، ۋەتىنىمنى مەن،
بىراق ئۇ هازىر بىزگە ئەمەس كەڭ.

سۆيىمەن ئەلىنىڭ چىن ئۆلكىسىنى،
پول روبسوننىڭ ئامېرىكىسىنى!

خالىمايمەن مۇدھىش تۇمانىنى،
بەك سېغىندىم ئازاد زامانىنى.

مەن خالايمەن كۈلگەن ۋەتەننى،
ئۇئېل-سترىت ئۆلگەن ۋەتەننى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىنچ ياتماپسەن، جان ئانا، سەنمۇ،
ئىشىڭغا ئۇتۇق تىلەيمەن مەنمۇ.

. . . . . . .

بەك تەسلىكتە يازدىم خېتىمنى،
ھەتتا يازمىدىم ئوچۇق ئېتىمنى.

ئىشەنچلىك كىشى ئېپ كەتتى بۇنى،
ئۇ كىشىمۇ تونۇيدۇ سېنى.

خەير، سالام سېغىنىپ مەندىن!
ياخشى خەۋەر كۈتىمەن سەندىن.

1953-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

## چاۋشيەنگە كېتىۋاتىمەن

كۆن چىقىشقا كېتىۋاتىمەن،
كەڭ، پايانسىز ۋەتەننى بويلاپ.
دىلغا ئىلھام پۈكۈۋاتىمەن،
زوقلىنىمەن مەنزىلنى ئويلاپ.

ئەزىز دوستلار قول پۇلاڭلىتىپ،
مېنى خۇشال ئۇزاتتى يولغا.
ئانا ۋەتەن كۆزۈمگە بېقىپ،
سىڭدۈر، دېدى، مېھرىنى دىلغا!

—بىلەمسەن،—دەپ سۆز قاتتى دوستلار،—
سەپىرىڭنىڭ شەرەپلىكىنى؟
ئۇنتۇمىغىن ئۇلۇغ ئېلىڭنىڭ
شەرق بەختىگە تىرەكلىكىنى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئۇلۇغ ئەل تاپشۇردى ساڭا
ئىشەنچ بىلەن مۇقەددەس ئىشنى.
ئاتلىنىسەن سەپەرگە مانا،
بەختلىك سەن،
ئايىما كۈچنى!

ھەم مۇقەددەس مەنزىلنىڭ سېنىڭ،
خۇشاللىقتىن ئاقسۇن ياشلىرىڭ!
ئۇ يەردە بار باتۇر دوستلىرىڭ
ۋە سۆيۈملۈك ۋەتەنداشلىرىڭ.

بېرىپ كۆرگىن چاۋشيەن ئېلىنى،
دوستلار بىلەن كۆرۈش،
قۇچاقلاش!
بۇ—دوستلارنىڭ قەلبىگە مەدەت،
دۈشمەنلەرنىڭ باغرىنى داغلاش.

تۇت قەدەھنى،
ماڭسەن يولغا،
بوشتايلى بەخت جامىنى.
بېرىپ يەتكۈز ئەلنىڭ مېھرىنى
ۋە داھىنىڭ چىن سالامىنى!

* * *

خەير!

چاۋشيەنگە كېتىۋاتىمەن،
ئەل ئىشەنچىنى دىلىمدا ئۇشلاپ.
دوستلىرىمنىڭ شېرىن سۆزىنى
تەكرارلايمەن تىنماي يېنىشلاپ.

1953-يىل 6-ئۆكتەبر، شىئەن.



ئويغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىزنىڭ ناخشىسى

”ئوتتۇق بىلەن قايتىمەن“ —
دېگەن ئىدىڭ ۋەتەنگە.
مەردلىكىڭدىن ئۆرگىلەي،
ئەمەل قىپسەن ۋەدەڭگە.

رەھمەت دېدىم دىلىمدىن،
سېنىڭ قىلغان ئىشىڭغا.
بولسا ئۇچار قانىتىم،
ئۇچۇپ بارسام قېشىڭغا.

مەھكەم باغلاپ بېلىڭنى،
رازى قىلدىڭ ئېلىڭنى.
ۋەتەن: قايتقىن دېگەندە،
كېلىپ قىسقىن گۈلۈڭنى.

مەنمۇ سەندەك ئىشلەشكە
چوڭ شەرت قويدۇم ئۆزۈمگە.
بۇ ۋەدەمدە تۇرمىسام،
لايىق كۆرمە ئۆزۈڭگە.

1953-يىل 13-ئۆكتەبر، شىنياڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# سالام مەردلەر ۋەتىنىگە

(ناخشا تېكىستى)

سالام مەردلەر ۋەتىنىگە،
سالام جۇڭخۇا ئېلىدىن.
سالام ئېلىپ كەلدۇق بىز
چىن دوستلارنىڭ دىلىدىن.

كەلمىسۇن شۇم قۇزغۇنلار
بۇلبۇل قونغان گۈلشەنگە.
بىر ئالەم كۈچ يۈلەكداش
قەھرىمان ئەل چاۋشيەنگە.

مەرد ئادەملەر تەييار دۇر
ياردەم ئۈچۈن چاۋشيەنگە.
ئەمدى قول سوزۇپ كەلسە،
ئامانلىق يوق دۈشمەنگە.

1953-يىل 15-ئۆكتەبىر، شېنياڭ.

# بىز سىلەرنى ئەسلەيمىز هامان

—پىدائىي قىسىملارغا بېغىشلايمەن

بىز ئۇ ياقتا،
سىلەر بۇ ياقتا،
بىراق كۆڭلىمىز ئەمەس يىراقتا.

كۈندۈزدىمۇ ۋە كېچىدىمۇ،
كوچىدىمۇ، ئۆي ئىچىدىمۇ،

دەريادىمۇ ۋە دېڭىزدىمۇ،
زاۋۇتتىمۇ ۋە ئېتىزدىمۇ،

مەيلى باغدا، مەيلى تاغدىمۇ،
ئىشتا ۋە دەم ئالغان چاغدىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوي-پىكرىمىز سىلەر تەرەپتە،
مۇھەببىتىڭلار ئوينار يۈرەكتە.

* * *

ئېرىتكەندە ئىشچى گالك-تۆمۈر،
خاڭچى خاڭدىن تارتقاندا كۆمۈر،

پاختىكار مول ئالغاندا پاختا،
ئىشچى قىز رەختنى تەخلىگەن ۋاقتا،

ئۇسقان چاغدا دېھقان خامانىنى،
ناۋاي تونۇردىن سويغاندا ناننى،

ئاشپەز ئۇستام سوزغاندا لەڭمەن،
ئۈزۈم ئۈزگەندە تۇرپانلىق باغۋەن،

ئاۋۇتقاندا چارۋىچى مالنى،
بەش بارماققا[1] سوزغاندا قولنى،

يېگەن چاغدا قايماق ۋە مەشكە،
سىلەرنى ھامان ئالىدۇ ئەسكە.

---

[1] بەش بارماق — قىرغىز نارىنى.

* * *

توي قىلغاندا ئېلىپ مول ھوسۇل،
قاينىغاندا نەغمە ۋە ئۇسسۇل،

كىيگەن چاغدا يېڭى كىيىمنى،
ئالغان چاغدا يېڭى بۇيۇمنى،

يېڭى ئۆيدە ئولتۇرغان ۋاقتا،
كەلگەن چاغدا پولۇ تاۋاقتا،

قورساقلارنى توقلاش ئالدىدا،
لەززەتلىنىپ ئۇخلاش ئالدىدا،

شېرىن خىيال سۈرگەن چاغدىمۇ،
ئۇيقۇدا چۈش كۆرگەن چاغدىمۇ،

ھەر ۋاقىتتا، ھەربىر نەپەستە
سىلەرنى ھامان ئالىمىز ئەسكە.

* * *

قىز ۋە يىگىت كۈلۈشكەن چاغدا،
ئايدىڭ كېچىدە سۆيۈشكەن چاغدا،

توي كېچىسى نىكاھ ئالدىدا،
ئۆيگە كىرىشتە پەگا ئالدىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېڭى پەرزەنت تاپقاندا ئانا
ۋە مەكتەپكە ماڭغاندا بالا،

قىرى بوۋاي دۇئا قىلغاندا،
نەغمىچىلەر ناۋا قىلغاندا،

شائىر قولىغا قەلەم ئالغاندا،
يېڭى ئەسىرى تامام بولغاندا،

دىلى يېنىپ قايناق ھەۋەستە،
سىلەرنى ھامان ئالىدۇ ئەسكە.

* * *

مەرد يىگىتلەر جەڭگە بارمىسا،
دۈشمەن كۆكسىگە خەنجەر ئۇرمىسا،

يوقالمىسا دۈشمەن قاباھەت،
نەدىن بولسۇن بىزگە بۇ راھەت؟!

سىلەر سۆيۈپ ئەلنى يۈرەكتە،
باتۇرلۇقنى يىغىپ بىلەككە،

ئاسراش ئۈچۈن قوزغۇندىن باغنى،
دوستلار باغرىدىن يۇيۇشقا داغنى،

قاتار تىزىلىپ جەڭگىۋار سەپكە،
باش ئەگمەستىن ھېچ مۇشەققەتكە،

چىڭ يېپىشىپ غالىپ تىلەككە،
بەردىڭلار راسا دۈشمەنگە دەككە.

شۇنىڭ ئۈچۈن سۆيۈملۈك سىلەر،
مىننەتدارمىز سىلەرگە بىزلەر.

* * *

مەن بىر ئاددىي ئۇيغۇر يىگىتى،
لېكىن قەلبىمگە دەريا پاتىدۇ.

مۇشۇ تاپتا كۆرۈپ سىلەرنى،
دىلىم زوق بىلەن قايناۋاتىدۇ.

مۇشۇ قايناق ئوتلۇق دىلىمدىن،
دىلىمغا تۇتاش يۇلغان تىلىمدىن،

ۋەكىل بولۇپ ئۇلۇغ ۋەتەنگە
ۋە ئۇزاقتىكى گۈزەل ئۆلكەمگە،

شەنىڭلارغا بارىكاللا دەيمەن،
مەڭگۈلۈك شان-شەرەپ تىلەيمەن.

* * *

رەھمەت دېدى سىلەرگە ۋەتەن،
رەھمەت دېدى قەشقەر ۋە خوتەن.

رەھمەت دېدى تارىم، تىيانشان،
رەھمەت دېدى ۋە تەكلىماكان.

رەھمەت دېدى ئاتا-ئاناڭلار،
رەھمەت دېدى قولۇم-قوشناڭلار.

رەھمەت دېدى قېرىندىشىڭلار،
(بەش يۈز مىليون ۋەتەندىشىڭلار.)

رەھمەت دەيدۇ سىلەرگە ئالەم،
رەھمەت دەيدۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم.

رازى سىلەردىن بۈگۈن ھەر يۈرەك،
رازى سىلەردىن پارلاق كېلەچەك.

* * *

بىز سىلەرنى ئالغاندا ئەسكە،
ۋۇجۇدىمىز تولىدۇ كۈچكە.

بۇ كۈچ ئالدىدا ھېچبىر مۇشەققەت
تىز پۈكمەسكە ئىلاجىسىز پەقەت.

بۇ ۋەتەننىڭ بىزگە بۇيرۇقى،
قولىمىزدا يېڭىش بايرىقى.

يېڭىش-بىزنىڭ چىن نىشانىمىز،
ئادىتىمىز،
شەرەپ-شانىمىز.

1953-يىل ئۆكتەبر، چاۋشيەن-خۋاڭخەيداۋ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دوستلۇق قوشىقى

بۇ ئۆمۈرنىڭ خۇشلۇقى—
چىن يۈرەكنىڭ دوستلۇقى.
تۇزىماس دوستلۇق گۈلى
يازلىقى ھەم قىشلىقى.

تاغ بېشىدا قارىغاي،
باغدا بۇلبۇل سايرىغاي.
يۈرىكى بىر دوستلارنى
دۈشمەن قانداق ئايرىغاي.

1953-يىل نويابىر، چاۋشيەن.

## قېنى، دوستۇم، كۆتۈر قەدەھنى!

قەدەھ تۇتۇپ چاۋشيەن ئەسكىرى،
كۇلۇمسىرەپ كەلدى يېنىمغا.
بۇ شارابنى ئىچىمەن خۇشال،
رەڭداش بىلىپ قىزىل قېنىمغا.

شۇنداق دېدى ئۇ ئىچىش ئالدىدا:
— ئادەملەرنى سۆيۈش ئەڭ ياخشى.
بىراق ۋىجدان ئۆرتىنىدىكەن
ئادەم قەدرى بولمىسا تەكشى.

بىلىسىز، قان كۆپ ئاقتى بىزدىن،
بىزمۇ تۆكتۇق قاتىل قېنىنى.
قان تۆكۈشكە ئامراق ئەمەستۇق،
بىزگە تاڭدى قاتىللار ئۇنى.

www.uyghurkitap.com

بىز دۇنياغا كۈلۈشكە كەلگەن،
خالىمايمىز قايغۇ، پەريادنى.
بىراق،
"ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش" دەپ،
چۈشەنمەيمىز گۈزەل ھاياتنى!

دېدىم شۇندا ھاياجان ئىچرە
ئۇرۇشتۇرۇپ قەدەھنى مەنمۇ:
— يۈرەك سۆزىمىز نەقەدەر ئوخشاش،
دېمەكچى ئىدىم شۇ گەپنى مەنمۇ.

بۇ قەدەھنىڭ جاراڭلىشىنى
ھەممە سازدىن ئەلا بىلىمەن.
بۇ قەدەھنىڭ مەنىسى ئۈچۈن
مەنمۇ جاننى پىدا قىلىمەن.

قېنى، ئەمىسە، ئىچەيلى دوستۇم،
بىر تامچىمۇ ئېشىپ قالمىسۇن.
ئىچەيلى، بۇ دوستلۇق كەيپىدىن
ۋۇجۇدىمىز كۈلۈپ يايرىسۇن!

قېنى، ئىچەيلى، شاراب تەپتىدىن
يۈرەكلىرىمىز قوشۇلسۇن ئېرىپ.

ئىنقىلاپ قەدەمىنىڭ جاراڭلىشىنى،
دۈشمەن ئەلەمدىن كەتسۇن يېرىلىپ!

1953-يىل 10-نويابر، چاۋشيەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاغنى كۆرسەم

تاغنى كۆرسەم،
تاغنى ئەسلىسەم،
سەن كېلىسەن مېنىڭ ئالدىمغا.
شۇندا كۆرىمەن بىر تاغ يۈرەكنى،
مەردلىكىڭنى ئېلىپ يادىمغا.

تاغدا ئۆسكەن يېشىل قارىغاي
سولاشنى ھېچ بىلمەس قىش-يېزى.
يېشىل قارىغاي
سەندىكى مەغرۇر-
ئۇمىدلەرنىڭ بەئەينى ئۆزى.

ئەي تاغ يۈرەك چاۋشيەن ئادىمى،
شەنىڭگە ئاز مىڭ قوچاق داستان.

سەن ياشنايسەن،
لېكىن توگەيدۇ
”ئاق ساراي“دىن كەلگەن زىمىستان.

1953-يىل 25-نويابىر، چاۋشيەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تىنچلىق توغرىسىدا ناخشا

تىنچلىق توغرىسىدا ناخشا ئېيتىمەن،
ئېسىل تىلەكلەرنى قوزغاپ يۈرەكتە.
قاناتلىنىپ مېنىڭ مەغرۇر ئاۋازىم،
تىنچلىق كەپتىرىدەك ئۇچسۇن پەلەكتە.

* * *

ئىسسىق-سوغۇق ئىچىدە ھايات سىرىنى
بىلىۋالغان ئەلنىڭ ئوغلى مەن بۈگۈن.
خالايمەن،
سۆيىمەن خۇشال ئۆمۈرنى،
دىلىمغا سىغمايدۇ قىلچە غەش-تۈگۈن.

ھاياتقا قوشۇلدۇم تىيانشان باغرىدا،
ئۇلاشتىم تاڭلارغا،
ئۆمرۈم چېچەكتەك.

بەخت توغرىسىدىكى ئېسىل تىلەكلەر
دىلىمغا ياماشتى ھەشقىپىچەكتەك.

* * *

تىنچلىق توغرىسىدا ناخشا ئېيتىمەن،
ئېسىل تىلەكلەرنى قوزغاپ يۈرەكتە.
قاناتلىنىپ مېنىڭ مەغرۇر ئاۋازىم،
تىنچلىق كەپتىرىدەك ئۇچسۇن پەلەكتە.

ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ ئىستەكلىرىنى
خالايمەن ناخشامغا مەزمۇن قىلىشنى.
ناخشام تىنچلىقنىڭ ئىشقىدا يېنىپ،
كۆيدۈرۈپ ئېرىتسۇن قانلىق قىلىچنى.

جور بولۇپ قوشۇلغاي بۇ مېنىڭ ناخشام
روبسوننىڭ[1] جاراڭلىق، شوخ ئاۋازىغا.
بۇ ناخشام ئاھاڭداش چاۋشىيەن مارشىغا
ۋە شوستاكوۋىچنىڭ[2] مەغرۇر سازىغا.

---

① پول روبسون—ئامېرىكىدىكى نېگىر خەلق غەزەلچىسى ۋە تىنچلىق جەڭچىسى.
② شوستاكوۋىچ—مەشھۇر سوۋېت كومپوزىتورى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقاتقۇچىسى

خالايمەن،
ناخشامنىڭ ئەركىن ساداسى
مەدەت ۋە زوق بەرسۇن قاۋۇل خاڭچىغا.
ۋە قوشۇلسۇن ئالقىش بولۇپ ئاۋازىم
ماھىر پولاتچىنىڭ يۈكسەك داڭقىغا.

ناخشام ئاشنا بولسۇن دېھقان ئوغلىغا
ۋە پادىچىغا دوست بولسۇن تاغ ئارا.
ناخشام باغۋەن قىزنىڭ ئىشقىنى قوزغاپ،
بۇلبۇلنى ئەسلەتسۇن گۈلگە باغ ئارا.

* * *

يېلىنىپ كۈن كۆرۈش چىن ئادەمگە يات،
يۈرىكىم خالايدۇ مەغرۇر ياشاشنى.
بالىنىڭ غۇرۇرى، نىيىتى شۇكى،
كۆرمىسە ئانىنىڭ كۆزىدە ياشنى.

ئانىنىڭ باغرى كەڭ،
مېھرى يالقۇنلۇق،
ھاياتنى ئۆستۈرگەن ئانا ئەمەسمۇ!
ئادەملىك نىيىتى بولغان كىشىگە
ئانىنىڭ قەدرىنى چۈشىنىش تەسمۇ؟!

بىراق، ئانىلارنىڭ قانچە ئىستىكى
ئۈرۈش ئوتلىرىدا كۆيدى، كۈل بولدى.
بالىنىڭ دىغىدا چىدالماي يىغلاپ،
ئىتەكلىرى ياشقا تولدى، سەل بولدى.

ئەنە شۇ ئانىلار بۈگۈن دەردلىنىپ،
ئۈرۈشنى قارغايدۇ، تىنچلىق تىلەيدۇ.
ئۇئېل— ستىرىتتىكى "جانابلار" بولسا،
ئانىغا سانجىشقا خەنجەر بىلەيدۇ.

پۇل ئۈچۈن تۆرەلگەن مورگان، روكفېللىر①
ئانىنىڭ قەدرىنى نەدىنمۇ بىلسۇن.
ئۇلارغا زەمبىرەك ئاتقان بولارمىش،
ئانا توغرىسىدا سۆزلىسە فىلتون②

مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم چاۋشىيەننى،
ئىچىنىش ئوتىدا ياندىم كۈن ۋە تۈن.
"سەھەر مەملىكىتى" ئاتالغان يۇرتنى
ئۈرۈش ئوتى ۋەيران قىلدى تۈنۈگۈن.

① مورگان، روكفېللىرى— ئاق ش دىكى زور مونوپولىيىچى كاپىتالىستلار.
② مونكا فىلتون— ئەنگىلىيىلىك تەرەققىيپەرۋەر ئايال، ئاتاقلىق تىنچلىق جەڭچىسى.

شۇ ئۇرۇشتا سەرسان بولغان ئانىلار
ماكان قىپتۇ تاغدا غارنىڭ ئىچىنى.
ئۇرۇشقا مىڭ لەنەت ئوقۇپ ھەممىسى،
دەردلىنىپ ئەسلەيدۇ ئۆتكەن كېچىنى.

سەل چاغلاپ يۇرۇپتۇ تېخى ئاق ساراي
ئانىلار باغرىدا يانغان قىساسنى.
تېخى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك،
ئانىلار بالانى قانداق توساشنى.

دۇنياغا ھايات دەپ كەلگەن كىشىلەر
ئانا ئۈمىدىگە ئۆلگىچە ھەقدا.
بىلمەيدۇ ئاق ساراي،
جاھان تىترەيدۇ
ئانىنىڭ يۈرىكى نالىغان چاغدا.

دۇنيادىكى ھەممە ئانىلار ئوخشاش،
تىنچلىقنى تىلەيدۇ مېنىڭ ئانامۇ.
تىنچلىققا مۇھەببەت ئەمەسمۇ
— دوستلار
بىر-بىرىنى كۆرگەندە قىلغان سالاممۇ.

دۇنيادىكى ھەممە ئاق دىل ئادەمدەك،
تىنچلىقنى تىلەيدۇ مېنىڭ ئېلىممۇ.

بىراق، كىم قەست قىلىپ كەلسە بەختىگە،
جۇتنى ئۇجۇقتۇرماي تاپماس تىنىمنى.

مېنىڭ ۋەتىنىمدە "تىنچلىق" سۆزىنى
ئىشلەتمەيدۇ بومبا ياكى گاز ئورنىغا.
ئەمما كىم چۈشەنسە تىنچلىقنى شۇنداق،
سېلىشنى بىلىمىز ئۇنىڭ بۇرنىغا.

گۆرگە يېقىنلاشقان ۋەھشىي جاھانگىر
ئۆمۈر ئۇزارتماقچى تىنچلىقنى بۇزۇپ.
بىراق، ئادىمىزات ئاسراشقا قادىر
جاھاننى، ھاياتنى ئوتتىن قۇتقۇزۇپ.

ئەتىسىنىڭ تايىنى يوق ئۇئېل-سترىت
دۇنيانى بۈگۈنلا يۇتسام دەيدىكەن.
ئۇنىڭ شۇ ھاماقەت جۆيلۈشلىرىگە
"خوپ!" دەپ تۇرىدىغان دۇنيا نەدىكەن؟!

كەلگەنمۇ ئادەملەر يورۇق ئالەمگە
قانخورلار نەپسىگە ئۆمرىنى ئاتاپ.
ـ ھەممىگە تىنچلىق، ئەركىنلىك كېرەك!
باشقىچە ياڭرايدۇ ئەمدى بۇ خىتاب.

تىنچلىق سېپىگە جاھان تىزىلدى،

www.uyghurkitap.com

ئەنە، سەپ ئالدىدا رۇس بىلەن
خەنزۇ!
جاھان تېز بېرىدۇ پاكلىققا نۇۋەت،
پات ئارىدا ئېقىپ تۈگەيدۇ لاي سۇ،

1953-يىل دېكابر.



# بىر كېچە

شامال ئۇچۇپ،
—ئۇچقۇندايدۇ قار،
بىز ماڭىمىز تاغنىڭ ئىچىدە.
قونۇش كېرەك مۇشۇ يېزىدا،
مېڭىش بىئەپ ئەدى كېچىدە.

شەرىپىمىزنى ئاڭلاپ بۇ يېزا،
بىر دەمدىلا يىغىلدى ئادەم.
قونۇش ئۈچۈن بۈگۈن بىر كېچە،
مەكتەپسېرى قويدۇق بىز قەدەم.

چۆرىمىزنى ئادەملەر ئوراپ،
خۇشال كۈلدى بىزلەرگە قاراپ.
پىچىرلاشتى:
—جۇڭگولۇق بۇلار،
چاۋشيەنلىكتىن كەلگەن ھال سوراپ.

دەل شۇ چاغدا بىر قېرى بوۋاي
توپ ئىچىدىن بىز ياققا كەلدى.
-توختاڭلار، — دېدى، — بىر نەپەس!
كۆزىمىزگە قاراپ تەمشەلدى.

— مۇشۇ تاپتا كۆرۈپ سىلەرنى،
ماۋ زېدۇڭنى كۆرگەندەك بولدۇم.
خۇشاللىقتىن يىغلاۋېتىمەن،
بۇ پۇرسەتنى بەرمەيمەن قولدىن.

مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ بۇرجەكتە،
بىر قانچىڭلار قونۇڭلار ئەمدى.
بۇ سۆزۈمنى ئاقتۇرالمىسام،
ئارام تاپماس يۈرىكىم زادى. . .

بىز يېنىشلاپ رەھمەت دېسەكمۇ،
تەكلىپىدىن يانمىدى بوۋاي.
ھەم قوشۇلدى يېزا باشلىقى:
— كەتمەيدۇ بوۋاي سىلەرنى ئالماي.

يىرالمىدۇق بوۋاي سۆزىنى،
بىر قانچىمىز قوندۇق بىر كېچە.
نېمىشقىدۇ بوۋاي ھەم موماي
ئۇخلىمىدى تا تاڭ ئاتقىچە.

ئەتىسى بىز مېڭىش ئالدىدا،
بوۋاي سۆيدى بىزنى قۇچاقلاپ.
— ئۇنتۇمايمەن، — دېدى، — بۇ كۈننى،
خاتىرىلەيمەن دىلىمدا ساقلاپ.

ماۋ زېدوڭنىڭ ۋەكىللىرىنى
ئېرىشەلىدىم قوندۇرۇشقا مەن.
يۈرىكىم مېنىڭ قايتا ياشاردى،
كىرگەن بولساممۇ يەتمىش ياشقا مەن.

ماختىنىمەن، بۇ بىر كېچىنى
يەتمىش يىلدىن ئەتىۋار بىلىپ.
خالايىققا ۋە كېلەچەككە
قالدۇرىمەن ھېكايە قىلىپ.

1953-يىل 12-دېكابر، چاۋشيەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇنتۇمايمەن

ئۇنتۇمايمەن يالۇجاڭدىن
ئۆتكەن كۈنۈمنى.
تېخىچىلا قۇلىقىمدا
دەريا شاۋقۇنى.
دەريا ئەمەس، ئۇ مەرد ئەلنىڭ
چىن ئىرادىسى،
كۆز ئالدىمدا داۋالغۇيدۇ
چېلىش دولقۇنى.

ئۇنتۇمايمەن كۆزۈم كۆرگەن
مەغرۇر تاغلارنى.
كىم ئۇنتۇسۇن ئۇنىڭ ئۆچمەس
ئېسىل داڭقىنى.
شۇ تاغلارنىڭ يان باغرىدا،
چوققىلىرىدا
"ئاق ساراي" ئىتلىرىنىڭ

چىقتى تالقىنى.

ئۇنتۇمايمەن شەھەرلەرنى،
ئېتىزلىقلارنى،
كېچە ئۇنى مەجرۇھ قىلغان
ئۇرۇش يانغىنى.

بىراق،
شۇنچە بالا-جۇتلار
كۆيدۈرەلمىدى
ئۇ يەرلەردە قەد كۆتۈرگەن
ئورغاق، بولقىنى.

ئۇنتۇمايمەن مەرد چاۋشيەننىڭ
جەڭچىلىرىنى،
ئۇنتۇمايمەن شۇ تۇپراقنىڭ
باتۇر خەلقىنى.
كۈن چىقىشنىڭ كەلگۈسىگە
بوستان ياراتتى،
قانلىق جەڭدە يەرگە ئاققان
شۇ مەرد ئەل قېنى...

ئۇنتۇمايمەن شۇ ئەل ئۈچۈن،
ئۆز ئېلى ئۈچۈن
جەڭگە كىرگەن كۈرمىڭلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەتەندىشىمنى.
مەن ئۇلارنى كۆرگەن چاغدا
شادلىقىم تېشىپ،
خۇددى كۆككە تاقاشقاندەك
سەزدىم بېشىمنى.

مەن نېمىشقا خۇشال بولماي،
شۇ پىدائىيلار
چېلىشلاردا تەۋرىتىشسە
جاھان ئىشلارنى.
چىن يۈرەكتىن ئامراقلىشىپ
چاۋشىيەنلىك بىلەن،
ھەيدەۋاتسا گۈلىستاندىن
شۇم ھۇقۇشلارنى.

مەن خۇشال مەن، ھاياتىمغا
زىننەت قوشۇلدى،
شۇلار بىلەن بىللە بولغان
كۈنلىرىم بىلەن.
پاتماي قالدى ئۇ كۈنلەرنىڭ
زوقى دىلىمغا،
بىراق ئۇنى يېزىش ئۈچۈن
ئاجىز بۇ قەلەم.

ئۇنتۇلماس شۇ كۈنلەرنىڭ
باتۇر تۈيغۇسى
ھاياتىمنىڭ يەلكىنىنى
قاينامغا سالدى.
ئۆزۈم ھازىر ۋەتىنىمدە
تۇرسامۇ، بىراق،
يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسى
شۇ ياقتا قالدى.

مەن نېمىشقا ئۇنتۇپ قالاي
ئەشۇ مەردلەرنى،
شۇلار بىلەن تۇتاش تۇرسا
كۆڭلۈم رىشتىسى!
قول تەگكۈزسەم شۇ رىشتىگە
ياڭرايدۇ بىر ساز.
بۇ ساز بىلەن ئوقۇلىدۇ
مەردلىك قىسسىسى.

مەن كۈيلەيمەن بۇ قىسسىنى
بۈگۈن ھەممىگە.
كېلەچەككە سۆزلەشنىمۇ
ئارزۇ قىلىمەن.
يەر-جاھانغا داڭقى سىغماس
ئەشۇ قىسسىگە

www.uyghurkitap.com

ماۋ زېدوڭ ھەم كىم ئېرىسىنى
ماۋزۇ قىلىمەن.

ئەشۇ قىسسە ئېلىم بىلەن
بىللە ياشىسۇن.
مەنمۇ باراي شۇ ئەل بىلەن
قايناق چېلىشقا.
گۇس-گۇس چامداپ قەھرىمانلار
ماڭغان يول بىلەن،
تاغدەك مەزمۇن بېغىشلايمىز
يېڭى تۇرمۇشقا.

1954-يىل 12-يانۋار، بېيجىڭ.



# سېغىنىش

يىللارنى ئۆتكۈزدۈم لېۋىمنى تامشىپ،
بىراق ئاي سانىماق تەس ئىكەن ئاندىن.
ھەپتە سانىغاندا خىيالچان بولۇپ،
كۆنلەرگە ئۆتكەندە ئۈيقۈدىن قالدىم.
سائەتنىڭ ئۆتمىكى ئۆمۈردىن ئۇزاق،
مىنۇتلار ئازابى كەتكۈزدى ھالدىن.
مۇبادا ئالدىمغا چىقمىغان بولساڭ،
ئېھتىمال، خوشلاشقان بولاتتىم جاندىن.

1953-يىل.



# باھار شامىلى

غۇر-غۇر ئۇچۇپ، ئىللىق شوخ شامال،
يان-يېنىمدىن ئۆتتۈڭ قىيغىتىپ.
ئادالىدىك قىشنىڭ دېغىدىن
دەل-دەرەخنى يەلپۈپ، ئېغىتىپ.

سۆيۈپ يۈزنى،
بېرىسەن ھۇزۇر،
يۈرەكلەرنى زوقتا ئورايسەن.
ئەلچىسى سەن قايسى پەسىلنىڭ،
زەپ يېقىملىق، تاتلىق پۇرايسەن.

سېنىڭ چۈچۈك شىۋىرلاشلىرىڭ
ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغاتتى يەرنى.
بىز بۇ يەرنىڭ قەدىم سىردىشى،
ئۇنىڭ باغرىدا تۆكىمىز تەرنى.

ئىللىق شامال،
بىلىمەن سېنى،
ياڭراق نەغمە راسلاپ كېلىسەن.
ئاشىق قىلىپ يېشىل پەسىلگە،
سازەندىلەر باشلاپ كېلىسەن.

نەغمە ئاڭلاپ يېشىل مايسىلار،
يەلپۈشۈڭدىن ئوينار يەلپۈنۈپ.
ئالدىرايدۇ ئۆسۈشكە ئۇلار
مول ھوسۇللۇق تويغا تەلپۈنۈپ.

بىلىمەن سېنى،
باھار شامىلى،
تەبىئەتنىڭ ئاچتىڭ ھۆسنىنى.
زىمىستاننى داغدا قالدۇرۇپ،
باشلاپ كەلدىڭ باھار پەسلىنى.

1954-يىل باھار، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالدانغان قىزغا

يىغلىمىغىن،
سەندىنمۇ ئۆتتى،
بەڭباشلىقىڭ ئالداپتۇ سېنى.
بىلسەڭ ئىدىڭ،
قوشۇلماس ئەسلا
سۆيگۈ بىلەن بەڭباشلىق قېنى.

1954-يىل.

# ئانا تۇپراق

بىز ياشىغان بۇ گۈزەل تۇپراق
ئەزەلدىنلا بىزگە خاس مىراس.
شۇ تۇپراقنى بىزنىڭ پۇشتىمىز
ئەمگەك بىلەن ياشناتقىنى راس.

نىمىلەرگە ئوخشاتسام بولار
بۇ تۇپراقنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى؟
قاراڭلارا، قانداق ياراشقان
ئۇنىڭ تىنىق، كۆپكۆك ئاسمىنى!

ئۆلچەپ بولماس كەڭرىلىكىنى.
بىزەش ئۇچۇن ئۇنى تەبىئەت
ئايىماپتۇ سېخىيلىكىنى.

دەريالارنىڭ ھەيۋەت دولقۇنى
قىرغاقلارغا غۇلاچ ئاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان
دېڭىزلارنىڭ چېتى نەدىدۇ؟

كەڭ دالانىڭ ئىللىق چىرايى
قۇياش بىلەن رەڭداش تۇرىدۇ.
ئىغاڭلىسا ئالتۇن باشاقلار،
كۆزلىرىڭنى قاماشتۇرىدۇ.

تاغلار كۈلۈپ ياشناپ تۇرىدۇ
ئالغان چاغدا باھار پەيزىنى.
جىلغىلاردىن ئۇچقان شوخ شامال
سۆيۈپ ئۆتەر ھايات يۈزىنى.

بۇ تۇپراقنىڭ ئادەملىرىنى
ساناشقىمۇ يەتمەيدۇ ئۆمرۈڭ.
ياشاۋاتساڭ شۇ ئەل ئىچىدە،
نېمىشقىمۇ كۈلمىسۇن كۆڭلۈڭ!؟

ئېلىمىزنىڭ خىسلىتى چەكسىز،
تاغنى يۆتكەشكە چامى يېتىدۇ.
نېمە ئىشلار قىلمىدى بۇ ئەل،
سوراپ بېقىڭ، تارىخ بىلىدۇ.

قاقاسلىقنى گۈلىستان قىلغان
بىزنىڭ ئەمگەكتە باسقان ئىزىمىز.
باغلارىمىز، شەھەرلەرىمىز،
زاۋۇتىمىز قۇرغان ئۆزىمىز.

بولۇپ ھەقدار بۈگۈن ھەممىگە،
تارىخنى ئالغا سۈرۈۋاتىمىز.
تونۇغۇسىز قىلىپ ۋەتەننى،
پولات بىلەن قۇرۇۋاتىمىز...

شۇ ئەلدە تۇرۇپ، شۇ ئەلنى سۆيۈپ،
ياشىساڭ نىمە ئارمان قالىدۇ!
شۇ ئەل ئۈچۈن بەرسەڭ بىر ئۆمۈر،
ئۇ ھاياتقا مەزمۇن بولىدۇ.

* * *

ئۆرلە ئىلىم، يايغىن كەڭ غۇلاچ،
دولقۇنۇڭدا بىللە ئاقايمەن.
كۆكرىكىڭگە شوخ ناخشام بىلەن
تىزىپ دەستە گۈللەر تاقايمەن.

1954-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بەخت

شۇ بەختلىك كۆڭۈللەرنىڭ قويىنىدا ياشاپ،
بەخت شەنىگە شېئىر يازماقمۇ بەختىم.
ھەقلىق مەن يېزىشقا، ئېلىم بىلەن تەڭ
مەنمۇ شۇ بەختىنىڭ قەنتىنى چاقتىم.

بۇ بەختنى پەلەكنىڭ ئىلتىپاتى دەپ
ئاتاشنى ئۆزۈمگە گۇناھ بىلىمەن.
پەتىۋاغا قىلچىلىك ھاجىتىممۇ يوق،
شاھىتىنى تارىختىن باشلاپ كېلىمەن.

بەختىنىڭ ئانىسى ئادەمنىڭ ئۆزى،
ئادەم قولىدا تاش ئالتۇن بولىدۇ.
ئادەمنىڭ مېھنەتتە تۆككەن تەرلىرى
جەملەنسە جاھاندەك كەلكۈن بولىدۇ.

بىراق، زامانلارنىڭ قىيغىر يولىدا
بەخت تېنەپ يۈردى سانسىز گەسىرلەر.
ئولجا قىلدى ئۇنى قولى ئۇزۇنلار
ۋە ئۆزىگە بېزەك قىلدى قەسىرلەر.

ئادەملەر بەختنىڭ ”سىرى“نى ئىزدەپ،
كۆرمىگ يىل پەلەككە ئىلتىجا قىلدى.
تۆكۈلگەن ياشلارغا تولدى ئېتەكلەر،
قېنى، ئىلتىجانى كىم بىجا قىلدى؟

قانچىلار باش ئېلىپ دەشتلەرگە كەتتى،
مازارلارغىمۇ كۆپ يېقىلدى چىراغ.
قانچە داش قازاننىڭ تۈۋى تېشىلدى،
بەختتىن خۇش پۇراق ئالمىدى دىماغ.

بەخت دەپ ھېسابسىز قان تۆكتى ئادەم،
قانچە ئوردا-تەختلەر قىلىندى گۇمران.
بىراق، ئىگىسىنى تاپالمىدى بەخت،
يەنە كونا تەقدىر بولدى ھۆكۈمران.

ئاققۇزغان قېنىنىڭ بەھرىنى كۆرمەي،
قانچىلار جاھاندىن ئەلەمدە كەتتى.
”جاھاننىڭ رەپتارى“ بولغاچقا ئەگرى،
ئۆتۈقنى تىرىكتاپ ماراقچى ئۆتتى.

”بۇ نېمىشقا شۇنداق؟“ دېگەن كۆپ سوئال
زامان-زامانلاردىن قالدى جاۋابسىز.
بىراق ”تەقدىر“ قانچە ”تىلسىم“ قۇرسىمۇ،
بولمىدى ئادەمنىڭ پىكرى قاناتسىز.

ماركس دېگەن ئادەم تارىخ ۋاراقلاپ،
يەتتى شۇ ”سىر“لارنىڭ تېگى-تەكتىگە.
بەختكە يول ئېچىپ، داۋا تاپتى ئۇ
سانسىز ئەسىرلەرنىڭ رەنجۇ دەردىگە.

ئەجىر مېۋىسىنى ئالسا ئىگىسى،
جاھان ئۆڭشىلىدۇ، دېدى شۇ ئۇستاز.
چېلىشىپ شۇ كۈنگە يېتىدۇ ئادەم،
ئېچىلار شۇندا بەخت گۈلى قىش ۋە ياز.

ماركس ئېچىپ بەرگەن سىرلار دەستۇرى
لېنىن تۈزگەن سەپتە كۆتۈردى قامەت.
”ئاۋرورا“ ئاتقان توپ كونا دۇنيانىڭ
بېشىغا ياغدۇردى تۈنجى ھالاكەت.

بەختلىك كۈنلەرنىڭ سىگنالى بولدى
ئۆكتەبر جېڭىنىڭ غالىب ھۆررىسى.

ئېچىلدى شۇ كۈندىن قىزىل نۇر چېچىپ،
كۈرەشچان دۇنيانىڭ يېڭى ئىراسى.

لېنىنغا قول بەرگەن مېنىڭ ئېلىمدە
يېشىلدى قاتمۇقات دەھشەتلىك تۈگۈن.
قانلار كەلكۈنىدە بۇزۇپ كونىنى،
ھاياتنى يېڭىچە قۇردۇق بىز بۈگۈن.

بەش يىللىق بەختىنىڭ نۇرلۇق قوينىدا
ياشنىماقتا ئېلىم ھۆسنىگە تولۇپ.
قىزىل سەپنىڭ غالىب ئىمزاسى بىلەن
بەختىمىز پۈتۈلدى قانۇنىي بولۇپ.

بەختىمىز گۈلىنىڭ ھەربىر بەرگىدە
پارلايدۇ مەردلەرنىڭ تۆككەن تەر-قېنى.
پۈتۈلدى بىزنىڭ زامانىمىزغا
بىر پۈتۈن تارىخنىڭ چاڭقاپ كۈتكىنى.

پارتىيە باش بولغان بۇ ئازاد ئەلدە
ھەقىقەت بولمايدۇ ئەمدى بۇرۇقتۇم.
ھالال تەر تۆككەنلەر خوجايىن بۇندا،
شۇم تىرىكتاپلارنىڭ ھەۋىسى مەھكۇم.

www.uyghurkitap.com

خۇشالغۇ بۈگۈن سەن، زەربىدار تۇرسۇن،
تەبەسسۇم ئۇراپ ئاپتۇ لېۋىڭنى.
ئىشەنچلىك بىر ئۇلاغ مىنمىگەن ئۇيغۇر،
ئويلاپمىدىڭ كېچە ئاپتوموبىلنى؟...

ھە، بىزنىڭ ئۆمرىمىز ئۆتىدۇ شۇنداق،
ئىشىمىز بەرىكەتلىك، كۆڭلىمىز گۈلدەك.
بىزنى مەست قىلالماس غۇرۇرلۇق كەيپى،
ئەقىل كۆزىمىزنى باسالماس ئۆگدەك.

بەختىمىز قىممىتى ۋىجدان بىلەن تەڭ،
بۈگۈن ھەم ئەتىمىز ئۇندىن بەھرىمەن.
ياشنايدۇ بارغانچە بەختىمىز بىزنىڭ،
زوقلىنىپ كۈيلەيمەن مۇشۇ بەختنى مەن.

1954-يىل ئۈرۈمچى.

## توي ئۈستىگە توي

—سوۋېت ئىتتىپاقى سەنئەتچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش
شەرىپىگە بېغىشلايمەن

قورغاسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئۆسكەنمەن،
چوڭ ئۆستەڭ بويىنى ياقىلاپ-بويلاپ.
چۈشكەندە ئۇ قاتقا غەمكىن كۆزلىرىم،
كېتەتتى يۈرىكىم زوق بىلەن ئويناپ.

سوۋېتلەر ئېلىدىن ئۇچقان شوخ شامال
ماڭا بىر بۆلەكچە نەغمە ئاڭلاتقان.
شۇ نەغمە ئەمەسمۇ مېنى ئويغاتقان،
باغرىمغا ئوت سالغان، مېھرىمنى تارتقان! . . .

ئاڭلاپ شۇ ناخشىنى ئەنە شۇ چاغدا،
يۈرەكنىڭ قېتىدىن سالاتتۇق ئايھاي.
"بىزمۇ شۇنداق ناخشا ئېيتارمىز" دېگەن—
ئۈمىدلەر ئىشقىدا كۆيەتتۇق تىنماي.

بۇ پەقەت ئالتە يىل بۇرۇنقى تارىخ،
ئۇ چاغدا بۇ قاتقا شادلىق يات ئىدى.
قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ مۇدھىش ئىلكىدە
يۈرەكتە دەرد، غەزەپ قاتمۇقات ئىدى.

ھە، ئەمدى ئۇ كۈنلەر قالدى ئارقىدا،
قېرىنداش، دوست بۈگۈن يىغىلدۇق تويغا.
خۇشاللىق سازىنى بىللە چالغاندا،
كېتىپتۇ خىيالىم يىراق بىر ئويغا...

قانچە يىل سېغىنغان ئەمەسمۇ يۈرەك
بۇ شادلىق ئىناقلىق مەرىكىسىنى.
داغدۇغا ئىچىدە كۆرۈپ تۇرىمەن
شانلىق كېلەچەكنىڭ ھارىپىسىنى.

ئەسىرلەر سېغىنغان توي ئۈستىگە توي
بۈگۈن شۇ سورۇندا قىلدى تەنتەنە.
مەزمۇنداش، ئاھاڭداش ناخشىلىرىمىز
قوشۇلۇپ ياڭراپ تۇرۇپتۇ ئەنە!...

دوستۇم، يۈرىكىمنى تۇتۇپ كۆرگىنە،
قالمىدى قەلبىمدە غەشلىك ئىللىتى.

شۇ تاپتا ئالدىمدا ھەممىدىن يۈكسەك،
باي مەزمۇن دەۋرىمىنىڭ قەدىر-قىممىتى.

1954-يىل.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# كەچ كۈزدە

(ئىساكوۋىسكىيغا تەقلىد)

سەپ سالسام، ئەتىگەن ئاسمان ھۆسنىنى
قوغۇشۇن رەڭلىك بۇلۇت قاپلاپتۇ.
ئۆتتى سوغۇق شامال يۈزۈمنى چىمداپ،
ھە، دېمەك، تەبىئەت پەسىل ئاتلاپتۇ.

مەن شۇ چاغ باغچامغا كىرىپ زەڭ قويسام،
دەرەخلەر كۆرۈندى ماڭا شۈمشىيىپ.
يازىچە گۈل ئاچقان بىر توپ قىزىلگۈل
نېمىشقىدۇ مۇڭلۇق تۇرار ئۆمچىيىپ.

قېنىكىن بۇ باغنىڭ يېقىنقى پەيزى،
كىم ئېلىپ قاچقاندۇ پۇراق-ئىسىنى؟
ئاڭلىدىم بۇلبۇلنىڭ سازى ئورنىغا
يەردىن غازاڭلارنىڭ شىلدىرلىشىنى.

تەبىئەت ئادىتى بۇ، بىراق مەن
ھەر پەسىل دولقۇنىدا بىردەك ئۆزىمەن.
گۈل-چېچەك سولاشقان ئەشۇ پەيتىمۇ
قەلبىمدە مەن چەكسىز باھار سېزىمەن.

مەيلى، باھار، يازنىڭ ئۇماق قۇشلىرى
ئىسسىق يۇرتقا قاراپ قىلىشسۇن پەرۋاز.
مەن ئۆز ئېلىمدە ياشاپ قالىمەن،
چۈنكى ئۆز ئېلىمنىڭ قىشى ماڭا ياز.

1954-يىل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋالاقتەككۇروۋنىڭ ئۆلۈمى

(ساتىرا)

رەھمەتلىك ئاغىنەم ۋالاقتەككۇروۋ
ئاغزىدىن جان بەرگەن
(بۇنداقلار جىققۇ.)
"ئۆلگەنىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاش گۇناھ"،
مەيلىلا،
خۇدانىڭ رەھمىتى كۆپقۇ.

ئۇ تىرىك ۋاقتىدا خوتۇنى ئايخان
ئۆي ئىشلىرىغا ئۈلگۈرەلمەيتتى.
ئۆزىغۇ ئانچىلا ھۇرۇنمۇ ئەمەس،
بىراق ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەيتتى.
نېمىشقا دېسىڭىز، بىچارە خوتۇن
ئالالمايتتى تۈزۈك كېچىسى ئارام.

ئېرى چۈشىدىمۇ لېكسىيە سۆزلەپ،
ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قىلاتتى ھارام. . .

گېپىمىز خوتۇنىڭ ئۈستىدە ئەمەس،
ۋاقىتەككۈرۈۋنىڭ خۇلقىغا تالىق.
ئۇ ئۇبدان تۇگەتكەن ئون نەچچە كۇرسنى،
بەستىمۇ رەھبىرىي خادىمغا لايىق.
كېلىدۇ خىزمەتكە ئانچە كېچىكمەي،
بولۇپمۇ مەجلىسكە دائىم بىرىنچى.
ئەگەر بەرسەڭ بىرەر مەجلىستىن خەۋەر،
بېرىدۇ ساڭا ئۇ بەلكى سۆيۈنچە.
مۇبادا سەن ئۇنى ئىزدىمەك بولساڭ،
"نەدە مەجلىس بار" دەپ سورايسەن جەزمەن.
تونۇمىساڭ ئۇنى،
بەلگىسى ئېنىق:
سۆزلەشكە پەرۋانە، ھەممىدىن سۆزمەن.
ئۇ پىلان ئۈستىدە سۆزلىسە ئەگەر،
ئۇنتۇماس قانۇننى چۈشەندۈرۈشنى.
شۇ يېرى قالتىسكى، ۋاراقلايدۇ ئۇ
قانۇن تارىخىنى—ئۇزاق ئۆتمۈشنى.
دەۋرلەر تارىخى سۆزلىنەر بىر-بىر،
دەسلەپكى كوممۇنا سۆزگە بىر تۇگۇن.
شۇ يەردە بىر تىنىپ قىلىدۇ خىتاب:
"ياخشىراق ئاڭلاڭلار، خىزمەت يوق بۇگۇن."

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەلۇمات بېرىدۇ شۇندىن كېيىنلا
يەرنىڭ قانداق بىنا بولغانلىقىدىن.
سۆز ئەمدى تارىخنىڭ چېكىدىن چىقىپ،
تەبىئەت ئىلمىگە كۆچىدۇ بىردىن.
سەن بىلەن بىزغۇ پەننى سۆيىمىز،
بىراق بۇ لېكسىيە كىرمەس قۇلاققا.
مەجلىستىن قاچىسەن، جاۋاب تاپالماي
"پىلان قانداق بولدى؟" دېگەن سوراققا.
ئۇ يەنە سۆزلەيدۇ ھەممىدىن بىغەم،
چاۋاكمۇ كۇتىدۇ ھاياجانلىنىپ.
قايناپ كېتىدۇ "قىسقىراق" دېگەن
شەرەتلەرنىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ.
بىر چاغدا ھەر جايدىن باشلانسا گۇدۇڭ،
"يىغىپ ئېيتقاندا" دەپ بېرەر تەسەللا.
ئەمما سۆز توختىماس، ئۆرلەيدۇ شاۋقۇن،
ئۇ ئەمدى "ئاخىرىدا" دەيدۇ ئارانلا.
"ئاخىرىدا" تۇرماق "ئەڭ ئاخىرىدا..."—
دېگىنى بىلەنمۇ تۇگىمەيدۇ گەپ.
كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ غەم يەيدىغاندۇ
بىلمىگەنلەر ئۇبدان بىلىۋالسۇن دەپ.
بەزىدە قۇيرۇقى ئۇزۇلمەي سۆزنىڭ،
سوزۇلىدۇ مەجلىس يېرىم تۈنگىچە.
باشلىنىدۇ خورەك بۇلۇڭ-بۇلۇڭدىن،
ئېلېكترمۇ ئۆچۈپ قالار ئاڭغىچە.

دەيدۇ ئۇ شۇ چاغدا: ”بىر-بىرىمىزنى
كۆرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.
مەقسەت بۇ يەردە دوكلاتنى ئاڭلاش،
قۇلاقچا ئوخشاشقۇ قاراڭغۇ-يورۇق...“
تاقىتى قالمىغان كىشىلەر بىردىن
پۇت ئۇچىدا دەسسەپ قاچار غىپپىلداپ.
باشلىق قاراڭغۇغا سۆزلەيدۇ ھە دەپ،
بەزىدە تاڭمۇ قالار يېقىنلاپ.
بىر چاغدا باشلىقنىڭ خۇمارى تۇتۇپ،
تاماكا چېكىشكە يېقىپ سەرەڭگە؛
قارىسا ئالدىغا، كۆرۈنمەس ھېچكىم،
ئادەمنىڭ ئۇجۇتى قالمىغان ئۆيدە.
شۇ چاغدا ئاغىنەم ۋالاقتەككۈرۈۋ
تېرىكىپ قايتىدۇ،
ئۆيگە كېلىدۇ.
مەجلىستىن ئېشىپ قالغان دوكلاتنى
خوتۇنى ئايخانغا سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئۇ شۇنداق زېرىكمەس چۈشەندۈرۈشتىن،
سوئالمۇ ھاجەتسىز ئۇنىڭ سۆزىگە.
رەنجىتىپ قويماي دېسىڭىز ئۇنى،
كۆرۈنمىگىنىڭىز ياخشى كۆزىگە.

بىر كۈنى ئاغىنەم رادىئو ئۆزىلدا
ئون مىنۇت سۆزلەشكە تېپىپتۇ پۇرسەت.
بىراق ۋاقىت يەتمەي كىرىش سۆزگىمۇ،
سوراپتۇ ئۇ يەنە ئون مىنۇت رۇخسەت.
رۇخسەت قىلمىغاچقا، تىرىكىپ سۆزمەن،
توختاپتۇ سۆزىدىن "داۋامى بار" دەپ.
بۇ ئىشقا جاۋابكار خادىملار كايىپ،
چۇشۇرۇۋېتىپتۇ مۇنبەردىن ھەيدەپ...

ھار كەپتۇ بۇ ئىشلار ئاغىنەمگە بەك،
ئۆلمەپتۇ، ئۇنىڭ بىرىسى بوپتۇ.
كەلسە ئىدارىگە ئۇ يەردىن قايتىپ،
نەدىندۇ ئامبارغا ئوت كېتىپ قاپتۇ.
ئادەملەر ئولىشىپ تۇتۇنغان ئوتقا،
پاژارنىي ئەترەتكە خەۋەرمۇ كەتكەن.
ئولاشقان ئادەمنى كۆرۈپ ئاغىنەم،
ئويلاپتۇ: "سۆزلەشكە ئوبدان پەيت ئىكەن."
— يولداشلار! — دەپتۇ ئۇ — قۇلاق سېلىڭلار،
دۆلەتنىڭ مۈلكىنى ئاسراش بەك مۇھىم.
ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ماھىيىتىنى
بىلىش كېرەك، دەيدۇ پارتىيە دائىم...
بىراق ئادەملەرنىڭ تەشۋىشى ئوتتا،
لېكىنىيە ئاڭلاشقا زادى تاقەت يوق.
كايىپتۇ ئاغىنەم شۇندا ھەممىگە:

— سىلەردە نەزەرىيە ئىشقى پەقەت يوق.
بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال شۇ ئىشنىڭ —
چۆكۈش كېرەككۇ تېگى-تەكتىگە.
شۇ ئوتنى چۈشەنمەي ئۆچۈرگەن بىلەن،
بولمايدۇ ئىش چوڭقۇر ئۇتۇققا ئىگە.
ھەي كاتىپ،
ما خەقنى يىققىنا چاپسان!
سۆزۈمنى ئاڭلىسۇن تىزلىنىپ رەتكە.
مۇشۇنداق پەيتلەردە نەزەرىيىنى
باغلاش بەك قۇلايلىق ئەمەلىيەتكە...

شۇ چاغدا ئادەملەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ،
چۇقان كۆتۈرۈپتۇ ئوغسى قايناپ:
— سېنىڭ لېكسىيەڭنى چۈشەنمەيدۇ ئوت،
تولا ۋالاقلىما تىلىڭنى چايناپ!...

ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ ئاغىنىمىزنىڭ،
بۇ سۆزلەر كىملەردىن چىقتىكىن، قانداق؟
شۇ چاغدا ھەقلىق ئۇ غەۋغا كۆتۈرسە،
ھاقارەت قىلامدۇ رەھبەرگە شۇنداق!
كۆزى چەكچىيىپتۇ ئۇنىڭ شۇ زامان،
سوغۇق تەر ئېقىپتۇ پېشانىسىدىن.
بايىقى ئەلەمگە تۇتىشىپ بۇ دەرد،
كەتكىلى تاس-تاماس قاپتۇ ھوشىدىن...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەيرىيەت، ئاخىرى ئوتمۇ ئۆچۈپتۇ،
ئەتىسى كۆپچىلىك مەجلىس ئېچىپتۇ.
رەھبەرنىڭ كېچىكى قىلىقى ئۈچۈن
ھەممىدىن غەزەپلىك تەنقىد يېغىپتۇ.
ۋالاقتەككۇرۇۋنىڭ كەيپى بەك يامان،
تۈن بويى ئۇھ تارتىپ كىرپىك قاقمىغان.
تۈنۈگۈن بولۇنغان ئاھانەت ئازمۇ،
ھېچقاچان ئۇ بۇنداق ئەلەم تارتمىغان.
تەنقىدنى ئاڭلىماق تېخىمۇ ئېغىر،
قۇتۇلۇشقا ئىزدەپ كۆرۈپتۇ چارە.
ئاخىرى تەنقىدنى بىر ياققا قايرىپ،
دوكلاتقا چۈشۈپتۇ يەنە بىچارە.
غۇلغۇلا باشلىنىپ كېتىپتۇ شۇندا:
— بەس، يېتەر، نېمانداق قۇرۇق گەپچى سەن!
— ۋاقىتقا خىيانەت سەپسەتەڭ سېنىڭ!
— ماھىيەتتە چوڭ خىيانەتچى سەن! . . .

بۇ ئاھانەتلەرگە چىدالماي سۆزمەن،
تىرىڭگىدا ئارقىغا ئۆچۈپ كېتىپتۇ.
ھەممىنىڭ دىققىتى بۇزۇلۇپ بىردىن،
مەجلىسنى شۇ يەردە دەرھال يېپىپتۇ.
"خىيانەتچى" بىلەن چىققان ھادىسە،
شۇ كۈنى يۇقىرىغا بېرىپ يېتىپتۇ.

ئۇلارمۇ تەكشۈرۈپ بۇ ئاتالمىنى،
”ئاساسىي جەھەتتىن توغرا“ تېپىپتۇ.
يۇقىرىدىن شۇنداق باھانى ئاڭلاپ،
خورلۇق ۋە ھەسرەت قىيىندى ئۇنى.
ئويلىمىغان ئىدى بۇنداق بولار دەپ،
باشقىچە ئىدىغۇ ئۇنىڭ كۈتكىنى:
ئۇ تىنماي سۆزلىسە، ھەممە ئاڭلىسا،
قول ئاستىدىكىلەر چالسا چاۋاكىنى.
رەھبەرلىك بۇلارنى ئىش دەپ چۈشەنسە،
تاپقىنى ئەمەسمۇ ئالتۇن تاۋاقنى.
نەزەردىن چۈشتى ئۇ، تۆكۈلدى ئابروي،
ئەمدى نېمە ھوزۇر ئالسۇن ھاياتتىن!؟
ئاھ، شېرىن ئارزۇلار، ئەسقاتمىدىڭغۇ،
قۇتقۇز ۋۇۋالساڭچۇ ئىگەڭنى دەردتىن!...
ئەلەملەر ئىلكىدە چوڭقۇر ئاھ ئۇرۇپ،
ئۆزىگە سۆزلىدى سۆزمەن ئەپەندى:
”كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن بۇ باشنى قانداق؟
ئۆلگىنىم ياخشىغۇ، ئۆلدۈمغۇ ئەمدى...“
. . . . . . . .
ۋەلېكىن ئاغىنەم ۋالاقتەككۈرۈۋ
راست ئۆلۈپ كەتتىمۇ، بىلمەيمەن بۇنى.
بۇ ئىشنى ئۇنچىلا سۈرۈشتۈرمەڭلار،
ئۆلگەنگە ھېسابقۇ ”ئۆلدۈم“ دېگىنى.
”مىڭ ئېغىز گەپ قىلغان ئۆلىدۇ“ دەپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

دەرۋەقە، ئاغىنەم شۇ ۋەجدىن ئۆلدى.
ئۇنىڭغۇ چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدۇق،
ئەمدى گەپ تىرىكلەر ئۇستىدە قالدى.

1955-يىل.

# يۈرەك سۆزى

مىللەت
ياخشى-يامانلىقنىڭ قاشقىسى ئەمەس.
بىز چۈشەنگەن ھەقىقەت شۇكى،
بۇ پەرقنى
ئالدى بىلەن ئايرىيدۇ سىنىپ،
باشقىسى ئەمەس.

"تىلى ياتنىڭ دىلى يات" دېگەن پىتنىنىڭ
قانچە قايناتساڭ،
ھەقىقەت بىلەن قوشۇلماس قېنى.
بىزمۇ تارىخ بىلىمىز،
ئەي چىرىك ئەپسانە،
كىم توقۇدى،
كىم سەھنىگە چىقاردى سېنى؟ . . .

ياماں نىيەت يامانغا تالىق،
بىز ياماں دەپ كىمنى ئېيتىمىز؟
تەڭسىزلىكنىڭ ھامىيلىرىنى،
ھەق-ئادالەت قارىغۇلىرىنى.
كۆرۈپ تۇرىمىز
پىتنە پۇتۇلگەن ۋەسىقىلەردە
شۇ زۇغۇيلارنىڭ تامغىلىرىنى.

بىز ئېزىلگەنمىز
جياڭ جيېشى جاللاتتىن،
مىللىي مۇناپىق دەدىسەرلەردىن.
ئۇلاردىن ئېلىشقا ھەقلىق ئىدۇق بىز
تۆكۈلگەن قانلارنىڭ ئىنتىقامىنى.
بىراق،
قاتىلدىن تارتقان دەردكە پايلىماي،
بۇلغىمايمىز مىللەت نامىنى.

مەيلى، بولسۇن قايسى مىللەتتىن،
قايسى ئايماقتىن،
شۇ قاتىللارنىڭ تەكتى بىر نەسەب،
يۇرسىمۇ رەڭگىنى ھەر ياڭزا بوياپ.
كىمكى ئەگەر،
ئۇلار تۆككەن قان كىمنىڭ قېنى دەپ
سورىسا بىزدىن،

ئىككىلەنمەي
"سىنىپىمىزنىڭ قېنى" دەپ بېرىمىز جاۋاب.

خۇددى جاھاندا ئادالەت يوقتەك،
بىزگە يات سىنىپ
ھەقىقەتنى قانچە زامانلار
قارا پەردىلەرگە يوشۇرغان ئىدى.
بىز ئەزەلدىن باغرىم دەيمىز قازاقنى،
خەنزۇ بىزنى قېرىنداش دېدى.
بىلسەڭ دوستۇم،
تەڭسىز زاماننىڭ قىستاڭلىرىدا
سىقىلغان ھەقىقەت مانا شۇ ئىدى.

يولداش چېن تەنچيۇ
تاڭ خەۋەرچىسى چولپانغا ئوخشاش،
بىر چاغلاردا،
قاراڭغۇ تۈندە
بۇ ۋادىدا بىللە بولغان بىز بىلەن.
تەقدىرىمىز ھەققىدە ئويلاپ،
ئازادلىقىمىز ئۈچۈن بەل باغلاپ،
ھەمنەپەس بولغان قەلبىمىز بىلەن.

يولداش چېن تەنچيۇ
ۋە ئۇنىڭ سەپداش-نىشانداشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىزنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى دەسلەپ.
گەرچە يۇتسىمۇ ئۇلارنى زىندان،
كۆرەش ئۇچقۇنلىرى قالمىدى پەسلەپ.

ئۇيغۇر ئەۋلادى قان تۆككەن يەردە
تۆكۈلدى خەنزۇنىڭ، قازاقنىڭ... قېنى.
يالغانمىدى شۇنداق بولغىنى،
ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن بىز ئۇنى.
ئەسلىگىنە دوستۇم،
چېن تەنچيۇنىڭ بېشىنى چاپقان قىلىچتا
چانالمىغانمۇ مۇتەللىپ تېنى!...

بىز موسكۋانى تىڭشاپ ئۇزاقتىن،
كۆز تىككەنمىز يەنئەنگە كۆپتىن،
شۇ ئىشتىياق
تىكلىگەن كۈرەشچان ئىرادىمىزنى.
چوڭ دولقۇنغا قوشقان ھەسسىمىز
يامراپ تاشقان شۇ ئىرادىدىن؛
ھەم ئويغاتقان
شىنجاڭلىق مىسكىن ئەۋلادىمىزنى.
ئوقۇپ چىقتۇق قايناملاردا بىز
ئىنقىلابنىڭ ئېلىپبەسىنى؛
ئەخمەتجان دېگەندەك،
باغلىدۇق شۇڭا

”دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى“گە
چىن مۇھەببەت، ئۈمىدىمىزنى.

* * *

ئازادلىق ئارمىيە غالىب مارش بىلەن
كىرگەندە شىنجاڭغا بوسۇغىسىدىن،
بىز قۇچاقلاپ ئۇنىڭ بويىنىنى،
سۆيگەنمىز ئىللىق پېشانىسىدىن.
ئەنە شۇ چاغدا
ئەسىرلەر ئارزۇسىغا ئېچىلدى ئىشىك.
ئىچكەنمىز ئەشۇ ۋىسال پەيتىدە
لىپمۇلىپ تولغان شېرىن شارابنى
قەدىردانلىق پىيالىسىدىن.

تاڭ ئاتتى...
كىشەنلەنگەن جاپاكەش سىنىپ
تاڭ شامىلىدىن ھۇر نەپەس ئېلىپ،
غەيرەت بىلەن دەس كۆتۈردى باش.
جاي ئېلىپ سائادەت گۈلىستانىدىن،
قېنىپ-قېنىپ مۇڭدىشىۋالدۇق
ئاكا-ئۇكا،
قوۋم-قېرىنداش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

قەدىر-قىممىتىنى تاپتى ۋەتەندە
كۆرمىڭ يىل خارلانغان دەپسەندە ئەمگەك.
كۈلۈپ پارلىدى
ئەمگەك ئەھلىنىڭ يۈز-چىرايلىرى.
كۆرەش يالقۇنىدا كۆيدى-ئۆرتەندى
ۋە سۇپۇرۇلدى زامانىمىزدىن
ئوتتۇرا ئەسىر رودۇپايلىرى.

ھەرىكىتىمىز تاپماقتا بەرىكەت
پارتىيە ئاچقان ئۆملۈك يولىدا.
كۆرەش سېپىگە تىزىلغان خەلق
بىر-بىرىگە قېرىنداش، يولداش.
ئۆم پىكىر، ئۆم كۈچلەر قۇدرىتى بىلەن،
قارىغىنا ئەنە،
تۇنۇگۈنكى خارابىلىقتا
بۈگۈن سوتسىيالىزم كۆتۈرمەكتە باش.

ئادەم ئىدۇق بىز
شۇ يۇرتتا تۇغۇلغان،
شۇ يۇرتتا ئۆسكەن،
چۆللەرگە سۇ ئاچقان، شەھەرلەر قۇرغان.
بىراق،
قارا كۈنلەرنىڭ رەزىل ئىلكىدە
تارىختىن نامىمىز ئۆچەي دەپ قالغان.

زامانىمىز كۆچ-قۇۋۋەت بېرىپ،
تونۇتتى جاھانغا كىملىكىمىزنى.
قۇرماقتىمىز يۇرتنى قايتىدىن
جۇشقۇن روھ بىلەن.
توي قىلدۇق بۇگۈن،
تىيانشان باغرىدىن ياڭرىتىپ نەغمە.
كۆز تىكمەكتە شۇڭلاشقا دۇنيا
بىزگە باشقىچە ھەۋەس-زوق بىلەن.

ۋارقىرايمىز "ئازاد زامان"غا،
جاكارلايمىز بەختىمىزنى پۈتۈن جاھانغا.
"كىم ئىدۇق، كىم بولدۇق" دېگەن بىر سوئال
سالماقتا بىزنى ھاياجانغا.
قول ئازادلىققا شادلانماس نېچۈن،
پەخىرلەنمەس خار-زارلار نېچۈن
ئېرىشكەندە زور شەرەپ-شانغا.

مەن ئۇيغۇر ئوغلى مەن،
ئۇيغۇرنى ئۆزۈمدەك ياخشى كۆرىمەن.
بىراق،
ئۇيغۇر بولغىنىمدىنمۇ،
قىزىل تۇغ سېپىدە تۇرغىنىم قىممەت.
شۇ سەپتە تۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جىمى جەڭدە يېڭىپ كەلدۇق،
يېڭىپ بارىمىز
ھاياتىمىز بېرىپ كۆچ-زىننەت،
بولىمىز زامانغا مۇناسىپ مىللەت.

1955-يىل سېنتەبر.

# شۇنداق قىزىتىمىز كۆرەشنى ئەمدى

مەنزىل يىراق،
سەپەر قىيىن،
ماڭدۇق تىكىپ يۈكنى يەلكىگە،
كۆردۇق ئۇزاقنى ئۆتكۈر كۆز بىلەن.
بىلسەڭ دوستۇم،
سىپىمىز بەك چوڭ،
شۇڭا دەيمىز:
قەدەم ئاۋۇماس چىغىر ئىز بىلەن.

بىزنىڭ كۆرەش
دولقۇنلىنىپ يامراپ تاشىدۇ،
بىزنىڭ ناخشىمىز
شۇ دولقۇننىڭ باتۇر شاۋقۇنى!
شىر-شىر ئاققان ئېرىقلار بويلاپ،
قۇلاق سېلىپ رەزگى نەغمىگە،

ئۇخلاتماقچى ئەمەسمىز زادى
قانات قاقىقان كۆڭۈل زوقىنى.

ئەتىكى مېۋىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ،
بۈگۈنكى چېچەكنى
كوزا-كوزاڭ قىلىپ،
قىسماقچى بولغان تەنتەك بىز ئەمەس.
تولا ۋاقلاپ،
سېپىمىزنىڭ نامىنى سېتىپ،
ئۆزىنى ئۇپراتماي،
بېلىنى سىلاپ،
تىرەجەپ ماڭىغانلار بىزگە ئۆز ئەمەس.

كىمدۇ ئۇ
ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ چۆچىگەن؟
كىمدۇ ئۇ
بىر چامدام مېڭىپ،
كېرىلىپ ياتقان
غۇرۇرلۇقا چۆمۈپ-ئۇرۇلۇپ؟
ياق،
بىزگە يات ئۇنداق كوچىلار؛
بىز يۈرمەيمىز
چۆچۈپ،

كىرىلىپ،
ئۆڭاينى ئىستەپ ئۆڭغا بۆرۆلۆپ!

دولقۇن يامرىدى
پارتىيىمىزنىڭ ئىدرىكى بىلەن.
شەرەپ قايىنىمى سەپىنىڭ ئالدىدا
كەڭ يايىمىز غۇلاچنى ئەمدى.
سوتسىيالىزم ناخشىسىنى بىز
ھەممە فرونتتا ئېيتىمىز بىردەك!
شۇنداق قىزىتىمىز كۆرەشنى ئەمدى!

1955-يىل.



# مەن سوتسىيالىستىك شەھەر ئادىمى

تاكى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ بۈگۈن،
قەلبىمدە ئىسسىق بىر ھۇزۇر سەزدىم.
شەھىرىم باغرىدا كۆرۈپ يېڭى تۇس،
كۈلۈپ زوقلىنىپ، كوچىلار كەزدىم.

ئۈرۈمچى شەھىرى،
نېمىشقا بۈگۈن
مۇنچىۋالا ئىللىق چىراي سەن؟
چېچەك ئاچقاندەك گويا قىزىل گۈل،
نېمانداق خۇش بۇي، تاتلىق پۇرايسەن؟

كۈلۈپ تۇرۇپسەن ھۆسنۈڭنى بېزەپ،
چوغدەك قىزىل پىلاكات بىلەن.
قۇچاقلىشىپ تۇرۇپسەن مەغرۇر،
يېقىملىق، يېڭى، شوخ ھايات بىلەن.

شۇ ھۆسنۈڭنىڭ پەيزىگە چۆمۈپ،
قەلبىمدە شادلىق تاشقىنى تاشتى.
شاھىد بولۇپ ئەشۇ قەلبىمگە،
لەۋلىرىمگە كۈلكە ئۇلاشتى.

نېمىشقا بۈگۈن كۈلمىسۇن قەلبىم،
نېمىشقا كۈيلىمەي خۇشال پەدىگە؟!
مەن ياشاۋاتقان سۆيۈملۈك شەھەر
ئۇلاشقاندا يېڭى پەللىگە.

شۇ پەللىنىڭ ئۇلۇغ نامىنى
ئېيتقىنىمدا ياندىم ئوت بولۇپ.
ئېلىپ تۇرىمەن،
بۇ نام ئەمدىكى
دەۋرىمىزگە قالار ئات بولۇپ.

سوتسىيالىزم دېگىنە، دوستۇم،
كېتىدۇ بۇ سۆز قانداق جاراڭلاپ!
مەن نېمىشقا شادلىققا تولماي،
شەھىرىمىزنى شۇ نامدا ئاڭلاپ!

سوتسىيالىزم بىزنىڭ ئىشىمىز،
مەزمۇنى ئۇ زامانىمىزنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇنىڭدىنمۇ پارلاق، يۈكسەك پەللىگە
چىقىشقا يېتىدۇ كۆزىمىز بىزنىڭ.

بۇگۈندىن باشلاپ سورىساڭ مېنى،
سوتسىيالىستىك شەھەر ئادىمى.
ھە، ئەتىلا
پۈتۈن ئېلىمنىڭ
بۇ پەللىگە يېتەر قەدىمى.

1956-يىل فېۋرال.

# بۇلبۇلۇم

( مۇۋەششەھ )

پەيتىدە كەلدىڭ يېتىپ، ئاۋازى ياڭراق بۇلبۇلۇم،
گۈلگە سەن مۇشتاق، ساڭا گۈل شۇنچە ئامراق، بۇلبۇلۇم.

ئاڭلىسام نەغمەڭنى مەن، قالماس دىلىمدا غەش-غۇبار،
سايرىساڭ سەن نەدە، شۇ يەر مىسلى ئوجاق، بۇلبۇلۇم.

شادلىقىمدىن گۈلگە ئايلانماس نېچۇن كۆڭلۈم مېنىڭ،
سايرىغىن، ئەيلەي ساڭا بېشىمنى قونداق، بۇلبۇلۇم.

ئايلىناي، پەخرىم مېنىڭ ساڭا پەسىلداش بولغىنىم،
بولىسىدى بۇ پەسلىمىزمۇ مەڭگۇ شۇنداق، بۇلبۇلۇم.

1955-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەببەت

مۇھەببەتنىڭ تىلى يۈرەككە تالىق،
بۇ، ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئەۋزەللىكىدىن.
بىناۋا يىگىت دەپ رەنجىمە مەندىن،
قورقىمەن سۆيگۈنىڭ ئەرزەنلىكىدىن.

مەيلى سۆيگىن مېنى، مەيلى ئالدىغىن،
مەن ئۈچۈن بىر ئېغىز راست گېپىڭ قىممەت.
كىرمە بۇ كوچىغا يالغان سۆز بىلەن،
كۆيمىسۇن ئارىدا مەسۇم مۇھەببەت.

مۇبادا ئالدىماق بولساڭ مېنى سەن،
شۇ نىيىتىڭنى بىلسەم تىلىڭدىن؛
ئاسرايتتىم ئۆزۈمنى ھەسرەت ئوتىدىن،
ئۆلگىچە رازى ئىدىم سېنىڭدىن.

"كۆپ" دېگەن قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ،
قىز-يىگىت سۆيگۈسى ئىككى يۈرەكنىڭ.
ھە، شۇنداق،
كىم كۆرگەن نەچچە قېتىملاپ
چېچەك ئاچقىنىنى غۇنچە-پورەكنىڭ؟!

سۆيگۈ-ئەقىدىنىڭ نازۇك ناخشىسى،
مەيلى، خالىساڭ بېغىشلا ماڭا.
يۈرىكىڭنىڭ تەڭ دۈپۈلدىشىنى
ئاڭلىيالىسام مەن قوشۇلاي ساڭا.

1956-يىل ئاپرېل.



# موسكۋادا بىرىنچى ماي

چىرايلىق ياسانغان ئۇلۇغ بايرامغا
داغدۇغا شەھىرى—جاھاننىڭ تۆرى.
مېنى سورىساڭ، قىزىل مەيداندا،
يايرايدۇ دىلىمدا شادلىق غۇرۇرى.

ئالدىڭدىن ئۆتۈپ بەخت دولقۇنى،
سەلدەك داۋالغۇپ ئۆركەش ئۇرىدۇ.
قانات قاقسا قىزىل بايراق يالقۇنى،
جىلۋىسى كۆزۈڭنى قاماشتۇرىدۇ.

ئەي، بەختنىڭ سۇزۇك دېڭىزى،
ئېسىلى سەن جىمى ئېسىلنىڭ.
زوقلىنار ساڭا جاھاننىڭ كۆزى،
يارى سەن قايسى گۈزەل پەسىلنىڭ؟...



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

بۇ، تەنتەنىسى يېڭى ئەسىرنىڭ،
بۇ، سوۋېت ئېلىنىڭ شانلىق قۇدرىتى.
بۇ، ئەۋلادلىرى باتۇر نەسلىنىڭ،
ئالتىنچى بەش يىلنىڭ غالىب ئەترىتى!

بۇ ئەترەت كۆزلىگەن پارلاق نىشاننى،
ھەر قەدەم بىر بەخت مەنزىلىگە يار.
ئاققۇزماسلىق ئۈچۈن بىر تامچە قاننى،
دېڭىزدەك تەرنى تۆكۈشكە تەييار.

ئۆتتۈۋاتىدۇ، ئۇلۇغ سەپ ئۆتتۈۋاتىدۇ،
ھەر ئاۋاز غەلىبىگە بېغىشلايدۇ گېمىن.
ئەنە، سەپنى باشلاپ كېتىۋاتىدۇ
ۋلادىمىر ئىلئىچ لېنىن!

مېنىڭ يۈرىكىممۇ شۇنداق دولقۇندا،
ئېلىم بىلەن بىللە غۇلاچ ئاتىمەن.
ئەتىگە قاراپ،
پۈتۈن جاھاندا
خۇددى شۇ دولقۇننى كۆرۈۋاتىمەن.

1956-يىل 3-ماي، موسكۋا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# رازلىق بويىدىكى كەپە

بىر كەپە بار رازلىق بويىدا،
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم مەن ئۇنى.
كۆزۈم كەپىدە، بىراق خىيالىم
ھەريانغا پەرۋاز قىلدۇردى مېنى.

بىر چاغلاردا ئىلىنچ ئۈچۈن
پانا بولغان ماكان شۇ ئىدى.
ئۇ قۇياشنى زۇلمەتكە قارشى
ئاتلاندۇرغان سىلىنچبۇ ئىدى.

قارىماققا غېرىپ كەپىسى،
يېپىنغان ئۇ چاۋا-قورايىنى.
بىراق ئۇنىڭ يۈكسەك خىسلىتى
تەسلىم قىلدى قىشلىق سارايىنى.

سىمولنىيغىمۇ كەلدى ئىلئىچ،
كرېمىلغىمۇ كەلدى شۇ يەردىن.
رېيخىستاگقا قادالغان تۇغمۇ
كەلگەن ئاشۇ قۇتلۇق سەپەردىن.

يېڭى دۇنيانىڭ ئېسىل بىناسى
ئۆرلەيدۇ يۈكسەك ئاسمانغا-ئەرشكە.
كىم شۇ كەپىگە قىلمىسا ھۆرمەت،
موللاق ئېتىپ چۈشىدۇ پەسكە.

1956-يىل ماي، لېنىنگراد.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

# سالام، قازاقىستان

سالام بەردىم، «ئاۋۋال سالام» دەپتىكەن،
ساڭا ئوخشاش مەنمۇ دوستقا ئىناق مەن.
ساڭا يانداش، تۇغقان ئەلدىن كېلىمەن،
ئاۋۋالقىدا بىرنەچچە كۈن قوناق مەن.

ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن خەلق بىز،
تەڭ ئىچكەنمىز بىر دەريانىڭ سۈيىنى.
بىر نان تاپساق تەڭ بۆلۈشۈپ يېگەنمىز،
بىللە كۈيلەپ ئۆتتۇق ھەسرەت كۈيىنى.

بىر چاغلاردا دەرد-ئەلەمدە تەمتىرەپ،
يەتتە سۇغا راۋان بولغان ئۇيغۇرغا—
ماكان بېرىپ غېرىپلىقنى بىلدۈرمەي،
مېھرىڭ بىلەن ئالغان ئىدىڭ ئوتتۇرىغا.

ئەتە-ئاخشام پەتە قىلىپ يۈرۈشكەن،
بىر كىگىزمۇ قىلغان ئەمەس ھېچ تارلىق.
ئوغلۇڭ چۇقان ئالتىنشەھەرگە ئۆتكەندە،
مەشرەپ قىلىپ كۆتۈۋالغان قەشقەرلىق.

ئۇ چاغلاردا تۇنۇگۇنكى تارىمدەك،
دەرد-غەزەپكە تولغان قازاق دالاسى.
قوچاق ئاچتى قازاقىمۇ ئازادلىق،
ئىسسىق بېسىپ ئورۇسلارنىڭ پاناسى.

قازاق ئېلى، كۆرۈپ تۇردۇق بىز ھامان
ئۆكتەبرنىڭ تېڭى تۇغقان بەختىڭنى.
چېلىش بىلەن ئۇلگە بەردىڭ بىزگىمۇ
ئادا قىلىپ قېرىنداشلىق ئەھدىڭنى.

بۈگۈن بىزمۇ چىقتۇق يېڭى پەللىگە،
تۇتۇپ مېڭىپ خەنزۇلارنىڭ پېشىنى.
سوۋېت ئېلى بېسىپ ئۆتكەن ئىز بىلەن
قولغا ئالدۇق سوتسىيالىزم ئىشىنى.

سوۋېت ئېلى، يۈز مىڭ ئالقىش شەنىڭگە!
شۇ ھۇررادا ئاۋازىم بار مېنىڭمۇ.
موسكۋانى سۆيگەن بىزنىڭ يۈرەكتە
قازاق ئېلى، ئىشقىڭ يانار سېنىڭمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سالام ئېلىپ كەلدىم ساڭا ئۆلكەمدىن،
كۆرگىن ئېلىم شادلىقىنى كۆلكەمدىن.
خۇشلۇقۇم شۇ-خۇشال ئەلنىڭ ئوغلى مەن،
خۇشال ئەلنىڭ ئالقىشىغا پۈركەندىم.

1956-يىلى ماي، ئالمۇتا.



## ئىسسىق كۆل

لېۋىڭدە مەن، قىرغىز كۆلى-ئىسسىق كۆل،
زوقمەن كۆزۈم قاراپ ساڭا تويمايدۇ.
گۈزەل قىزنىڭ كۆزلىرىدەك جىلۋەڭگە
سۆز قاتماسقا كۆڭلۈم زادى قويمايدۇ.
لېۋىڭدە مەن، مانا مېنىڭ ئالدىمدا
كۆك ئاسماننىڭ بىر پارچىسى يايرايدۇ.
يازۇ قىشى شاۋقۇن سېلىپ دولقۇنۇڭ،
كۈمۈش رەڭلىك ئۆركەش ياساپ تىنمايدۇ.
ئاق بۇلۇتلار بىر-بىرىگە مىنگىشىپ،
تاغ باغرىلاپ قىرغىقىڭنى بويلايدۇ.
ئۇچار قۇشلار ساڭا رەڭداش ئاسماندا
سېنى ئەگىپ، چۇرقىرىشىپ ئوينايدۇ.
دولقۇن يېرىپ پاراخوتلار باغرىڭدا،
شاۋقۇنۇڭغا ھەيۋەت بېرىپ توۋلايدۇ.
غۇيۇلدىتىپ بېلىقچىلار قېيىقنى،
ئويناقلاشقان بېلىقلارنى ئوۋلايدۇ.

بويۇڭدىكى تۇنۇگۇنكى مۇڭ باسقان
دالالىرىڭ بۇگۇن كۇلۇپ ياشنايدۇ.
تراكتورلار بەيگە سالغان ئېتىزدا
بۇغداي، قوناق. . . دېگىنىڭ زەپ ئوخشايدۇ.
سۇلىرى غول، ئوت-چۆپكە مول يايلاقتا
سان-ساناقسىز مال-ۋارانلار ئوتلايدۇ.
سېمىزلىكتىن سىغماي كېتىپ تېنىگە،
قىيغىتىدۇ، سەكرىشىدۇ، تاقلايدۇ.
گۇل-باراقسان مېۋىزارلىق باغچىڭدە
بۇلبۇللىرىڭ قوشاق توقۇپ سايرايدۇ.
جانغا راھەت، تەنگە ھۇزۇر ساپ ھاۋاڭ
ئەجەب تاتلىق، خۇددى ئىپار پۇرايدۇ.
سىم چىراغلار يۇلتۇز بىلەن بەسلىشىپ،
تۇن يولاتماي تاڭ ئاتقىچە پارلايدۇ.
ئىشتا پىشقان باتۇرلارنىڭ كۆكسىگە
باققىنىڭدا كۆزۈڭدە نۇر چاقنايدۇ.
شۇ پارلىغان ھەر ئوردېنىڭ تەرىپى
سۆزلەپ كەلسەڭ،مىڭ داستانغا پاتمايدۇ.
ئىش قاينىغان بۇ ۋادىدا كۇندە توي،
كۆز كۇنلىرى ھوسۇل تويى قاينايدۇ.
سۇر قىلىشىپ، پىشۇرىشىپ سوقۇمنى،
بىر-بىرىنى بەش بارماققا چىللايدۇ.
ياش يىگىتلەر قومۇز چالسا سەيلىتىپ،
تەڭكەش قىلىپ قىز، كېلىنچەك ئىرلايدۇ.

ئاتا-ئانا زوق ئەيلىسە ياشلارغا،
ئۇششاق بالىلار شوخلۇق قىلىپ چۇۋۇلايدۇ.
ئىشتا پىشىپ، بىلىم ئېلىپ ھەر يۈرەك،
ئەتە بىلەن سۆزلىشىدۇ، ھارمايدۇ.
بەخت بىلەن گىرەلىشىپ، سۆيۈشۈپ،
توختوغۇلنىڭ[1] ئازاد ئۇنى ياڭرايدۇ.
كۆزۈم كۆردى گۈل بەختىڭنى، ئىسسىق كۆل،
ناخشام ئۇنى ئۆز ئېلىگە داڭلايدۇ.
ئۇ قاتتىكى سىنىڭ تۇغقان، دوستلىرىڭ
تەرىپىڭنى زوقى بىلەن ئاڭلايدۇ.
ئۇندا ئەمگەك تاپتى ئازاد دەۋرىنى،
كۈندىن كۈنگە گىگانت ئىشلار قاينايدۇ.
پات-يېقىندا لوپنۇر بىلەن باغراشمۇ
خۇددى سەندەك بەختكە چۆمۈپ يايرايدۇ.

1956-يىل.

---

① توختوغۇل — قىرغىز خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي شائىرى. (1864—1933)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توختاپ تۇر، كۈن!

(ياسىر شىۋازىدىن)

توختاپ تۇر، كۈن، تاغ كەينىگە مۆكۈنمە،
جەم بولسۇن جىمى كۈنۈم بىر كۈنگە!
بولغۇم كەلمەس ھېچبىرىنىڭ بوۋىسى،
بولغۇم كېلەر كېلەچەكنىڭ نەۋرىسى.

1956-يىل.



## گۈلدەستە

خوشلىشىپ ئىسسىق كۆلدىن قايتقىنىمدا،
ئۇزاتتى بىر دەستە گۈل قىرغىز قىزى.
دوستلۇقنىڭ ئىشقى بىلەن يالقۇنجايتتى
قادىلىپ كۆزلىرىمگە ئۇنىڭ كۆزى.

گۈپۈلدەپ پۇراق چېچىپ تۇراتتى گۈل،
ئالدىم-دە، باستىم ئۇنى كۆكرىكىمگە.
سولاشماس بۇ گۈل مەڭگۈ، سەۋەب دېسەڭ،
يىلتىزى ئۇنىڭ مېنىڭ يۈرىكىمدە.

1956-يىل 19-ماي، فرۇنزى.



# ”ئاۋرورا“

مانا، مەغرۇر ”ئاۋرورا“ بەستى،
ئاستىدا ئۇنىڭ نېۋا دولقۇنى.
تىكىلدى كۆزۈم،
خۇددى سۇرەتكە
تارتماقچىدەك ئۇنىڭ تۇرقىنى.

مەيلى، كۆزۈم، كۆرگىن قانغۇچە،
سۆيگىن، لېۋىم، ھەربىر ۋېنتىنى.
كۆڭلۈم مېنىڭ ئاللىقاچانلا
سىڭدۇرگەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى.

ئۇ چاغ ئىدى ئون يەتتىنچى يىل،
يېڭى دۇنيا جەڭگە راسلانغان.
”ئاۋرورا“نىڭ زالپى بىلەن تەڭ
ئۇنىڭ غالىب دەۋرى باشلانغان...

كۈنچىقىشنى نۇرغا پۈركىدى
بەختىنىڭ ئاشۇ پارلاق چىرىقى.
رەڭداش ئىدى شۇ قىزىل نۇرغا
جىڭگاڭشەننىڭ غالىب بايرىقى.

شۇ نۇر بىلەن ئېچىلغان، كۈلگەن
مېنىڭ كېچىكى ئەلەملىك دىلىم.
شۇڭا بەختىمنى كۈيلىسەم،
سۆزنى
"ئاۋرورا"دىن باشلايدۇ تىلىم.

ئەي جاكارچىسى زامانىمىزنىڭ،
ناخشا ئېيتىدۇ شەنڭگە يۈرەك.
ناخشام ئەۋجى قۇچاقلار سېنى
خۇددى نېۋا دولقۇنلىرىدەك.

1956-يىل 27-ماي، لېنىنگراد.



## قىزىل گالستۇك

سۇۋغا قىلدىڭ قىزىل گالستۇك،
باغلاپ قويدۇڭ بويىنۇمغا ئەپلىك.
رەھمەت ساڭا، ئۇماق پىئونېر،
مېھرى ئىسسىق، خۇش خۇي، ئەدەپلىك.

ئايلانغاندەك بولدۇم شۇ تاپتا
خۇددى سەندەك غۇنچە پورەككە.
سوۋېت بالىسى، بەرگەن سوۋغاڭنى
بويىنۇمغا ئەمەس، چىگدىم يۈرەككە...

پىئونېر بولۇپ ئاز كۈندە ئوغلۇم
قايتقىنىدا ئۆيگە زوق بىلەن؛
تەبرىكلەيمەن ئۇنى شۇ چاغدا
مۇشۇ قىزىل گالستۇك بىلەن.

سەن بىلەن دوست بولىدۇ ئوغلۇم،
مەيلى، يىراقتا بولغىنىڭ بىلەن.
بىللە تۇرىدۇ ئۇنىڭ يۈرىكى
مەڭگۈ سىنىڭ يۈرىكىڭ بىلەن.

1956-يىل 13-ئىيۇن، موسكۋا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گوركىي مۇزېيىدا

كۆردۈم بۇ يەردە بىر چاغلاردىكى
"يېتىم ئوغلاق" مۇڭلۇق گۆدەكنى.
تاپىدىكەن شېرىن تەسەللى
مومىسىدىن ئاڭلاپ چۆچەكنى.

كۆردۈم بۇ يەردە بىر چاغلاردىكى
بايلارغا قۇل بالا مالاينى.
كېچىلىرى كىتاب ئوقۇغان
چىراغ قىلىپ كۆكتىكى ئاينى.

كۆردۈم بۇ يەردە بىر چاغلاردىكى
جاپاكەشلەرگە باغلاپ ئۈمىدنى،
روسىيىنى پىيادە كەزگەن
يېرىم ئاچ، يېلىڭ سەرسان يىگىتنى.

كۆردۇم بۇ يەردە بىر چاغلاردىكى
پالاندى بولغان نەزەربەندىنى.
يات يۇرتلاردا شۇ سەرگەردانىنىڭ
ۋەتەن غېمىدە تارتقان دەردىنى.

كۆردۇم بۇ يەردە بىر چاغلاردىكى
كولۇشنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنى.
ئاچچىق يۇتۇپ كەلگەچ، ئۆزىگە
"گوركىي،"[1] دەپ نام قويغان كىشىنى.

كۆردۇم ئۇنىڭ قەلەملىرىنى،
كۆردۇم ساناقسىز ۋاراقلىرىنى.
ۋاراقتا ئاققۇزغان ئۇ قەلەم بىلەن
قىزىپ تۇرمۇش بولاقلىرىنى.

كۆردۇم ئۇنىڭ ئىجتىهادىنى،
بىلىم ئۇچۇن جاننى ئاتىغان.
مەكتەپ يۈزى كۆرمەستىن تۇزۇك،
ئاسمان-پەلەك كىتاب ئوقۇغان.

كۆردۇم بۇ يەردە ئاپئاق ساقاللىق
تولستوينىڭ سۆھبەتدىشىنى.

---

[1] گوركىي — رۇسچە "ئاچچىق" دېگەن سۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

كۆردۈم قانداق ئۇچۇرغىنىنى
ئۇنىڭ جەسۇر بوران قۇشىنى.

كۆردۈم بۇ يەردە ئىپتىخار بىلەن
لېنىننىڭ ئاتا مۇھەببىتىنى.
ئەگرى-توقايدا يورۇق مەنزىلنى
كۆرسىتىپ بەرگەن داھى خېتىنى.

كۆردۈم بۇ يەردە ئاتا توقۇلغان
ئىستالسكىينىڭ[1] قەسىدىسىنى.
بىر ناردىشاۋنىڭ[2] تەشەككۇرىنى.
ۋە لۇشۈننىڭ ئەقىدىسىنى

كىم بار جاھاندا ۋىجدان ئەھلىدىن
ئۇنىڭ تىلىدىن ئىلھاملانمىغان؟
يېڭى دۇنيا ئەدىبلىرىدىن
كىم بار ئۇنى ئۈلگە قىلمىغان؟

گوركىي، ئالدىمدا خۇددى ھايات سەن،
سالام، ئۇلۇغ سەنئەتكار، ساڭا.

① سۇلايمان ئىستالسكىي—مەشھۇر داغىستان خەلق شائىرى.
② بىر ناردىشاۋ—ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر ياز
غۇچىسى (1856—1950)

سالام، باشلامچى جەڭگىۋار ئەدەب،
سالام، شانلىق بايراقدار، ساڭا!

1956-يىل ئىيۇن، موسكۋا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھەيران مەن

”سەن“ دېۋىدىڭ، ئىشق شارابىنى
ئىچتىم گويا ۋىسال جامىدا.
سەندىن ئالغان ئۇنۋان شۇ ئىدى
مۇھەببەتنىڭ ئىمتىھانىدا.

نەچچە ۋاقىتتىن ”سەن“ دېگەن تىلىڭ
ئەجەب بۈگۈن ”سىز“گە بۇرالدى.
بىلسەڭ ئىدىڭ، شۇ تاپتا مېنىڭ
يۈرىكىمگە قايغۇ ئورالدى.

قەيەردىدۇ قايغۇ تۈگۈچى،
يا يېپىشتىمۇ ماڭا ئەنسىزلىك.
يا بولمىسا، چېچەن تىلىڭغا
پۈتلاشتىمۇ ئېھتىياتسىزلىق.

ھەي، سەن ئۈچۈن شۇ مۇھەببەتتە
"ئېھتىيات"قا ھاجەت قانچىلىك؟
نېمە گۇناھ قىلدىم مەن ساڭا،
يۈرىكىمنى ئېزىپ مۇنچىلىك؟

شۇ سۆزۈڭگە ھەيران مەن،
شۇندىن بېرى ۋەيران مەن...

1956-يىل ئىيۇن.



# ۋەتىنىم

ۋەتەن، سەندىن ئۆزگە دىلدارنى
تاپالمىدىم ئالەمگە كېلىپ.
تاپالمىدىم، تاپالمايمەن ھەم
بەس، ياشىسام مېھرىڭگە قېنىپ.

* * *

مەن تۆرەلگەن سېنىڭ قوينۇڭدا،
سەندە ئالدىم تۇنجى نەپەسنى.
سەندە سەزدىم يورۇق ئالەمنى،
سەندە تاپتىم ئارزۇ-ھەۋەسنى.

سەندە سەزدىم قىش بىلەن يازنى،
ئىسسىق-سوغۇق، ئاچچىق-چۈچۈكنى.
سەندە بايقىدىم راست ۋە يالغاننى،
ياخشى-يامان، چوڭ ھەم كىچىكنى.

ماڭا تونۇش چەكسىز تۇپراقلار،
مېۋىزارلىق، خۇش بۇي باغلىرىڭ.
ماڭا تونۇش شەھەر، كەنتلىرىڭ،
قىرى دەريا، ئاقباش تاغلىرىڭ.

ماڭا تونۇش بوۋاي، مومايلار،
يىگىت، قىزلار، تەڭتۇش دوستلىرىم.
ماڭا تونۇش ئەشۇ قەبرىستان
ۋە ئەتىكى ئۇرۇق-پۇشتلىرىم.

ماڭا تونۇش ئاخشامقى كۆلپەت،
كونا تارىخ زۇلۇمنامىسى.
ماڭا تونۇش ئەسىرلەر جېڭى
ۋە يېڭىشىنىڭ شادىيانىسى.

يېڭى تارىخ پۈتۈلدى بۈگۈن،
بۇ، مەردلىكنىڭ ئۇلۇغ قامۇسى.
ھەربىر ھەرپ، ھەربىر چېكىتى
دەۋرىمىزنىڭ ۋىجدان-نامۇسى.

* * *

زامانىمىز بەختىنىڭ تېڭى،
قۇياشقا ھەقدار ئەۋلادىمىز بار.
ئۇنتۇپ قالما، ئەتىكى ئەۋلاد،
بۇ تارىخنىڭ بېشىدا بىز بار.

www.uyghurkitap.com

ناموسۇڭغا سادىق مەن، ۋەتەن،
ئۆچۈرمەيمەن ئىشق ئوتۇڭنى.
رازى ئىدىم شائىرلىقىمدىن
كۆيلىيەلىسەم مۇھەببىتىڭنى.

1956-يىل.



# بەخت يۇلتۇزى

كىچىكىمدىن يۇلتۇزۇمنى ئىزدەيتتىم،
ھەر ئاخشىمى قايغۇ كېلىپ باسقاندا.
تاپالمىدىم،
توۋا دەيمەن ئۆزۈمگە،
نېمە قىلسۇن مېنىڭ بەختىم ئاسماندا.

مانا ئەمدى باقتىم سېنىڭ كۆزۈڭگە،
خۇشالمەنكى،
زارلانمىسام بوپتىكەن.
كۆزلىرىڭدە مېنىڭ بەختىم كۆرۈندى،
يەنە كېلىپ مېنىڭ بەختىم جۇپ ئىكەن.

1956-يىل ئاۋغۇست.



# تۇگىمەس ناخشا

ھەر ئاخشىمى ناخشا ئېيتىمەن
شۇ كوچىنى ئەگىپ كېتەلمەي.
بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،
ئاۋارە مەن تېخى يېتەلمەي.

بۇگۈن ئاخشام ئۆتكەنتىم يەنە
ناخشام بىلەن دېرىزە قېقىپ.
قەيەردىدۇ ئىشىك غىچىلداپ،
كايىپ كەتتى بىر بوۋاي چىقىپ:

—جاقىرايسەن ھەر كۈنى شۇنداق،
سارائىمۇ سەن ئويغىتالمايدىغان؟
يا ئادەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن،
قانداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان؟...

— كايىما، بوۋاي،
سەنمۇ بىر چاغدا
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.
سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن،
شۇنداق ناخشا بۇ، تۈگىمەيدىغان!

1956-يىل ئاۋغۇست.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىلمەپتىمەن

ئاق بۇلۇتنى قۇچاقلىغاندەك،
ئاق پاختىنى چىڭداپ غۇلاچقا؛
كەلگىنىدە شۇ قىز خامانغا،
قىزىرىپ كەتتى ئەجەب، نېمىشقا؟

يىگىت كېلىپ ئالدى ئاۋايلاپ،
قۇچاق كېرىپ قۇچاقتىن ئۇنى.
بىلەلمىدىم، شۇندا يىگىتنىڭ
نېمىشقىدۇ تىترىدى تېنى.

كەچمۇ كىردى، قايتتى باشقىلار،
ئۇنتۇپ قېلىشتى ئۇلار كېتىشنى.
ۋەدىلەشكەن ئىكەن ئىككىسى،
توگەتمەك بولۇپ ئەتىكى ئىشنى.

ياتار چاغ بولدى، قايتمىدى يەنە،
ئۇلار ئۈچۈن مەن غەم يەپتىمەن.
سەۋەب نېمە سورۇشتۇرمەيلا،
بېرىپ ياردەم بېرەي دەپتىمەن.

بارسام، پاختا دۆۋىلىنىپ بوپتۇ،
قۇچاقلىرى بوش ئەمەس بىراق...
ئەمدى بىلدىم يېڭىلگىنىمنى،
دەرھال كۆزدىن يوقىلاي يىراق.

1956-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى خەت

(بىر شائىرغا تەقلىد)

سالام يازدىم سېغىنىپ،
ئاق قەغەزنىڭ بېتىگە.
ھەيران بولۇپ كۆلمىگىن
"ساۋاتسىز"نىڭ خېتىگە.

كەتكىنىڭگە كۆپ بولدى،
خەت كەلمىدى سېنىڭدىن.
نېمە بولدۇڭ، بىلمەيمەن،
رەنجىدىڭمۇ مېنىڭدىن؟

بەلكى مېنى تېخىچە
خەت بىلمەيدۇ دېدىڭمۇ؟
باشقىلارغا ئوقۇتسا،
سەت بولىدۇ دېدىڭمۇ؟

ئەنسىرىمە ئۇ يەردىن،
كېلىۋەرسۇن خېتىڭمۇ.
توغرا يازساڭ ئادرېسنى،
سىرتقا چىقماس گېپىڭمۇ.

قۇلىقىمغا دەيدىغان
گېپىڭنىمۇ ياز ئەمدى.
قولۇم خەتكە ئۆگەندى،
قارىغۇ ئەمەس كۆز ئەمدى.

1956-يىل سېنتەبىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مىلتىقىمنى بەرگىن قولۇمغا

ئەنگلىيە، فرانسىيە بىرلەشمە ئار-
مىيىسى مىسرغا ھۇجۇم قىلدى.
—گېزىت خەۋىرى.

تۇنۇگۇنكى ماتەملەرنى ئۇنتالماي،
تېخى شادلىق سىڭمەي تۇرۇپ دىلىمغا؛
گۇمبۇرلەيدۇ توپ ئاۋازى نەدىندۇ،
توختا،
جەسەت پۇرايدۇغۇ بۇرنۇمغا!...

كىمدۇ بۇگۇن قاتىللىققا بەل باغلاپ،
داغ چۈشۈرگەن دەۋرىمىزنىڭ شەنىگە؟
بىلدىم، ئەنە، لوندون بىلەن پارىژدىن
ئۇرۇش ئاتلىق شۇم چىقىپتۇ سەھنىگە.

كۆردۈم، ئەنە، قۇترىشىدۇ جاللاتلار
ئافرىقىنىڭ مۇنبىرىگە ئوق ئېتىپ.
كۆتۈرەمدۇ بۈگۈن ئەرەب پەرزەنتى
چەكسە بىرى ماڭلىيىغا تاك ئېتىپ.

ئەنە، سۇۋەيش بويلىرىدا ئىس-تۈتەك،
قېرى نىلنىڭ قەھرى تۇتتى ئەلەمدىن.
ۋارقىرايدۇ:
— يېتەر ئەمدى تىلەش يوق
بەختىمىزنى ئۇ (ئىككىنچى) ئالەمدىن!

* * *

قېرى مىسىر، سەن تارىخنىڭ بۆشۈكى،
سېنىڭ قەھرىڭ چىن ئەرەبنىڭ ئىستىكى،
ئاق دىل ئىنسان ھەممىسى سەن تەرەپتە.
كېپەن تەييار ئۇرۇشقا،
ئۇزىتىمىز ياۋۇزلارنى لەھەتكە.

* * *

تۈنۈگۈنكى ماتەملەرنى ئۇنتالماي،
تېخى شادلىق سىڭمەي تۇرۇپ دىلىمغا؛
نىل بويىدا توپ ئاۋازى گۈمبۈرلەپ،
جەسەت ئىسى كېلىپ يەتتى بۇرنۇمغا.

تاقىتىم يوق قۇترىشىغا دەھشەتنىڭ،
ۋىجدان، نومۇس يول قويمايدۇ بۇنىڭغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇندا جەڭدە دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان
ئەرەب قىزى كۆز تۇتۇپتۇ يولۇمغا.

ئەزىز ئېلىم، خالىمايتتىم ئۇرۇشنى،
بىراق بۈگۈن رۇخسەت بەرگىن ئوغلۇڭغا.
يالۇجياڭدىن ئۆتكىنىمدە دوست بولغان—
مىلتىقىمنى بەرگىن يەنە قولۇمغا!

1956-يىل ئۆكتەبر.



## كۆمۈر ھەققىدە

1

ئىچى-تېشىڭ قانچە قارا بولسىمۇ،
بىر ئىللىقلىق يالتىرايدۇ ئەپتىڭدىن.
قارا جىسمىڭ تېپىشقاندا ئوت بىلەن،
شادلىنىمەن ھۆزۈرلىنىپ تەپتىڭدىن.

مۇشۇ تاپتا كېلىپ قالدى يادىمغا
”رەڭگى قارا، مېھرى ئىسسىق“ دېگەن گەپ.
بىراق سېنىڭ مېھرىڭدىنمۇ يالقۇنلۇق
خاڭچى ئۈچۈن يۈرەكتىكى مۇھەببەت.

2

”قىشنىڭ گۈلى ئوت“ دەپتىكەن بوۋايلار،
گۈل ئىچىدە، ئېيتقىن، قايسى ئېسىل گۈل؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇرۇس بولسا ئوتنى گۈلگە ئوخشىتىش،
مەن دەر ئىدىم: كۆمۈر ئوتى قىزىلگۈل.

1956-يىل 5-دېكابر.

# كۆك بۆغداي

سېنى كۆرسەم، كۆك دېڭىزدەك كۆك ئېتىز،
زوقلىنىپ تېنىمگە سىغماي كېتىمەن.
تولغىنىپ، دولقۇن ياساپ ئىغاڭلىساڭ،
شاۋقۇنۇڭغا قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىمەن.

شاۋقۇنۇڭ سازىغا ئويناپدۇ ئۇسسۇل
ئەۋرىشىمدەك جىلۋىلىنىپ شوخ بويۇڭ.
ئەتە-ئۆگۈنكى مول خامانىنىڭ دىلبىرى،
بەك سېغىندىم، بولىدۇ قاچان تويۇڭ؟

مول باشاقلىق، تەكشى بۆغدايلىق ئېتىز،
بىلىمەن، كىملەرگە تەزىم قىلىسەن؟!
ئارمىنىم: تەشەككۇرۇڭغا قوشۇلۇپ،
سېنى ئۆستۈرگەن كىشىنى كۈيلىسەم.

1956—1957-يىللار.

## ساك مۇدىرىنىڭ "زىيانداشقا قارشى" ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق

ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى.
—خەلق ماقالى.

"بۆرۈنلاردىن بۆرۈن" دەپ،
كەتمەيلى بەك ئۇزاققا.
يېڭى چۆچەك توقۇلدى،
قوشتۇم ئۇنى قوشاققا.

"چىراي كۆرۈپ هال سورا"—
دېگەن ئىكەن كونىلار.
نىمە بولغاندۇ توختاخۇن
خۇشال ئىدى بايىلا.
يىپىنشىپتۇ پىشكەللىك
ئەس-هۇشىنى گاڭگىرىتىپ.
"قازا كەلمەس كۆرۈنۈپ،

پۇت-قولىنى ساڭگىلىتىپ.»
بۇ ئەلەمنىڭ سەۋەبى
كەلمىگەچكە يادىغا،
كىرىپ كەلدى ئامالسىز
باشلىقنىڭ ئالدىغا.
—ياردەم قىلىڭ، ئادىلكا،
بېشىمغا بىر غەم چۈشتى.
ئامباردىكى بۇغدايدىن
ئىككى مىڭ جىڭ كەم چىقتى.
چاقچىقىمۇ بىرسىنىڭ،
يا دۈشمەننىڭ ئىشىمۇ؟
فاتتى يالغۇز بېشىمنىڭ
ئىچىمۇ ھەم تېشىمۇ...
ئاڭلاپ بۇنى ئادىلچوڭ،
كايىپ كەتتى توختىنى:
—شۇ ئىشقىمۇ ئالامسەن
باشلىقىڭنىڭ ۋاقتىنى؟
ھەي، خۇدايىم، بەندىگە
دىتنى قوشۇپ بەرمىسە،
باشقىلارغا يوق ئىكەن،
ئۆزىگىمۇ دەدىسە.
بىلمىدىڭمۇ شۇنىمۇ،
ئىش كۆرمىگەن خام بالا.
بېشىڭ مۇنچە قاتماستى

دىت ئىشلەتسەڭ ئاز-تولا.
ئۆپچۆرىدە نېمە تولا،
غاقىلدىغان غاز تولا.
ئىككى مىڭ جىڭ بۇغداينى
يەپ كەتكەنمۇ نەق شۇلار.
زىيان سالدى ئاشلىققا،
دېمەك، غازمۇ زىيانداش.
يارىمايدۇ بىخۇدلۇق،
كۆزۈڭنى ئاچ، قېرىنداش!
چىقىپ ئەمدى غاز ئىزدە،
تۇتۇپ سولا پەم بىلەن.
ھۆتۆت-پۆتۆت دېگەنلەر
زاكۇنلاشسۇن مەن بىلەن...

باشلىق دېگەن باشلىق-تە،
پۇختا ئىكەن ئىشىغا.
ئۇ بولمىسا، بۇ تەدبىر
كەپتۇ كىمنىڭ يادىغا.
قايىل بولدى توختاخۇن
رەھبەرلىكنىڭ پەمىگە.
غەم-قايغۇدىن يېنىكلەپ،
چۈشتى غازنىڭ پېيىگە.
بوش كەلمىدى توختاخۇن،
ئەپچىل ئىكەن قىلتاققا.

شۇنداق قىلىپ ئەللىك غاز
چۇشۇپ قالدى سولاققا.
مۇدۇي قوپتى ئەتىسى
”مەھبۇسلار“نىڭ ئىگىسى.
دېۋەيلىدى توختىغا
راسا قايناپ ئوغىسى:
—”مەھكەم بولغىن ئۆزۈڭگە،
ئوغرى تۇتما قوشناڭنى“—
دېمىگەنمۇ كونىلار،
نەگە يېدىڭ ئاش-ناننى؟
—يا غازلارنىڭ بىرىگە
ئاچقۇچۇڭنى بەرگەنمۇ؟
—ياكى سەن بىرەر غازنىڭ
تام تەشكىنىنى كۆرگەنمۇ؟
—كۇچۇڭ يەتمەي ئىشەككە،
ئۇرۇپسەن-دە توقۇمنى.
چوڭۇم بىلەن ئىككىڭگە
راست بېرىپتۇ ئەقىلنى!...

تۇشمۇ تۇشتىن ۋارقىراپ،
يەپلا كەتتى قۇلاقنى.
قورقىنىدىن توختاخۇن
ئېچىۋەتتى سولاقنى.
جېدەل يەنە ئۇلغايدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ما چاتاقنى كۆرۈپ تۇر:
ئۇتتۇز «مەھبۇس» ساق چىقتى،
يىگرىمىسى ئۆلۈپتۇ.
قارغىش ياغدى توختىمغا،
ئىش چوڭ يەرگە تاقالدى.
شۇ جېدەلنىڭ ئۈستىگە
ئادىلچوڭمۇ كېپ قالدى.
دەۋاگەرنىڭ ھەممىسى
دېۋەيلىدى چوڭغا.
بوش كەلمەيدۇ چوڭمۇ
ئۇنداق-مۇنداق ھوجۇمغا.
قوشۇمىنى بىر تۇرۇپ،
ھەيۋە قىلىپ تولدى:
— مەندىن سورا، نېمىشقا
غازلىرىڭنى سولىدى.
ئويلاشقىنا، ئامبارنى
ئەگىمىگەن غاز بارمۇ؟
ئاش دېگەننىڭ ئالدىدا
قاناتلىقتا ناز بارمۇ؟
زىياندىشنى ئاياش يوق،
يۇقىرىدىن بۇيرۇق بار.
ئورۇنلاشقا بۇيرۇقنى
بىزدىمۇ چوڭ ھوقۇق بار.
زىيان سالدى غازلىرىڭ

هۆكۈمەتلىك ئاشلىققا.
دەررۇ تەدبىر كۆرمىسە،
گەپ كەلمەمدۇ باشلىققا.
زىيانداشقا جازا شۇ،
ئىگىسىگە پەندىيات.
دەررۇ تارقاش ئۆيۈڭگە،
ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات.
رەنجىشمىگىن مېنىڭدىن،
مەن ئورۇنلۇق قايىندىم.
قورقىدىغان يېرىم يوق،
پرىنسىپتىن تايمىدىم.

1957-يىل، باھار.

www.uyghurkitap.com

# سېغىنىپسەن

ھە دەپ ماڭا رەنجىش كۆرۈندى
مۇشۇ دۆرەن يازغان خېتىڭدىن.
بىراق ئويلاپ كۆڭلۈم تۇيدىكى،
سېغىنىپسەن يۈرەك قېتىڭدىن.

سېغىنىشىنىڭ ئۆتى بەك يامان،
ئەمما ئۇندا كۆيمەيدۇ ئۈمىد.
شۇنى ھەرگىز ئۇنۇتمىغۇلۇق
مۇھەببەتنى تاۋلايدۇ شۇ ئوت.

1957-يىل.

# دوستلۇق بەزمىدە

مەي ئىچكەنگە ئەيىبلەپ كەتمەڭ،
مەي لەززىتىنى تېتىپ قاپتىمەن.
ئەمدى ئويلىسام، ئەيىبىم شۇكى،
مەيخانىدا تۇغۇلماپتىمەن.

مەينىڭ تەپتى شۇ قەدەر ئىسسىق،
بىراق دوستنىڭ مېھرى ئۆزگە-دە.
دوستلىرىمىز مەيدىن يىراق مەن،
مەي لەززىتى دوستلۇق بەزمىدە.

ئىچكىن، دوستۇم، شۇنداق بەزمىدە،
ئىچىدە قەترە قالمىسۇن جامىڭ.
شۇ بەزمىنىڭ پەيزىنى كۆرۈپ،
روھى كۈلسۇن ئۆمەر ھەييامىڭ.

1957-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئايدىڭ ھەم قاراڭغۇ

ئىزدەپ مېنى ئايدىڭدا،
كەلگەن ئىدىڭ قاياندىن؟
قاراڭغۇدا مەن بارسام،
چىقمىدىڭغۇ ئۆيۈڭدىن.

قاراڭغۇدىن قورقتۇڭمۇ؟
قورقسا كىمكى مەرد ئەمەس.
ئايدىڭ ياكى قاراڭغۇ
مۇھەببەتكە شەرت ئەمەس.

1957-يىل.

# قار ئۈستىدىكى قۇش

(فېڭ شۆفېڭدىن)

بىر ئىبسىل قۇش بولغانمىش،
ھۆسنىگىمۇ تولغانمىش.
قىش پەسلىنىڭ بىر كۈنى
تۇزەشتۇرۇپ تۇرقىنى،
قار يېپىنغان دالىدا
سەيلە قىلىپ خالىدا،
كۆزى چۈشۈپ ئىزىگە،
زوقلىنىپتۇ ئۆزىگە:
”مۇشۇ مېنىڭ ئىزىمغۇ،
نېمە دېگەن ئىبسىل بۇ!
مانا مېنىڭ ئىجادىم،
ھاسىل بولدى مۇرادىم...“
ئۇ بىر باشتىن يېزىپتۇ
ساقىت قىلىپ بويىنىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماختىنىپتۇ خوش بولۇپ
بۇ ئىجادىي سەيلىدىن.
بىراق ئۆزى بىخەۋەر
قويرۇقىنىڭ پەيلىدىن.
سۇپۇرگىدەك قويرۇقى
سۆرۈلۈپتۇ كەينىدىن.
. . . . . .
شوڭلاشقا يوق مۇشتىرى
ئوقالمىغاچ ھېچبىرى...

1957-يىل.

## ئەلەم

سۆزلىدىڭ زوقلىنىپ ئۇزۇندىن
ھېلىقى باراقسان سۆگەتنى.
رازى بوپ كەتكەنتىم سۆزۈڭدىن،
قەدىرلەپ يۇردى دەپ شۇ پەيتنى.

بىلىسەن، شەرتلەشكەن ئىدۇققۇ
شۇ تونۇش سۆگەتنىڭ تۈۋىدە.
شۇ شەرتكە سۆيگۈنىڭ تامغىسى
بېسىلغان ئىككى ياش لېۋىدە.

ئارىدىن كۆن ئۆتتى، ئاي ئۆتتى،
سەن بولدۇڭ كۆڭلۈمنىڭ شادلىقى.
دېگەنتۇق: يۈرەككە سىڭدىغۇ
شۇ شېرىن سۆيۈشنىڭ تاتلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېغىنىپ ۋەسلىڭنى بۇ ئاخشام،
بارغانتىم شۇ سۆگەت يېنىغا.
تىڭرىقتىم ئىشەنمەي كۆزۈمگە،
پاتمىدى يۈرىكىم قىنىغا.

كۆردۈم مەن: شۇ سۆگەت ئاستىدا
ياندىشىپ تۇرۇپسەن بىرسىگە.
(مۇھەببەت، يولاتما ياشلىقنى
ئاشۇنداق ئەلەملىك نەرسىگە!)

رەشك ئوتى تۇتاشتى جېنىمغا،
چۈشەندىم، بىۋاپا ئىكەنسەن.
شۇ يەردە ساڭا جۇپ گەۋدىگە
ماڭىمۇ دېگەننى دېگەنسەن...

بۈگۈن ياز،
سۆگەتمۇ باراقسان،
قورقمىغىن، كىم سېنى توناركىن.
كۆز كېلىپ غازاڭلار تۆكۈلسە،
كىم سېنى يوشۇرۇپ ئالاركىن.

1957-يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

## بۈگۈن ھەم ئەتە

بابا بىر كىم كالېندارىدىن رەنجىدى
”شەنبە دېسەم، جۈمەكەنغۇ بۈگۈن“ دەپ.
خاتاسىنى چۈشەندى ئۇ كۆڭۈلسىز
”يەكشەنبىمىز ئەتە ئەمەس، ئۆگۈن“ دەپ.

نۆۋەت ئېلىپ ئۆتسە بۈگۈن، ئەتىنىڭ—
كېلىشىنى بىلمەيتتىڭمۇ ئارقىدىن.
ھەيرانمەنكى، شۇنچە رەنجىپ بۈگۈندىن،
نېمە تېپىپ ئالماقچىدىڭ ئەتىدىن؟

ۋاقىت بىلەن ئويناشقىنىڭ نېمىسى،
ياكى ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ ئۆمرۈڭگە.
كۆرەلمىسەڭ دىدارىنى بىر كۈننىڭ،
قىسقارمامدۇ بىر كۈنلۈك يول ئۆلۈمگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىنۇت ساناپ كۈن ئۆتكۈزۈش كۆڭۈلسىز،
غاپىل ئۈچۈن ھەر قاچان ئۇ يۈگەنسىز.
دوستۇم، ئەتەڭ قانچە قىزىق بولسىمۇ،
بىلىپ قويغىن، كەلمەيدۇ ئۇ بۈگۈنسىز.

1957-يىل دېكابر



# پۇشايمان

كۈن يۈگۈرۈپ، ئايلار ئاتلاپ، يىل ئۆرۈلدى.
يىرتىلدى ئاخىرقى بەت كالېنداردىن.
ئۇزاتتى سېخىي ۋاقىت يەنە بىر ياش.
ئايىماي ئۆمۈر دېگەن خېرىداردىن.

ئەينەكتىن تىكىلگەنتىم يۈز-كۆزۈمگە،
كىرىپتۇ خېلى بەرىكەت ساقالغىمۇ.
تېخىمۇ چاقچاق قىلىپ يۈرەلمەسمەن،
ھە، ئەمدى قىزلار تۈگۈل، چوكانغىمۇ.

يىل ئۇزاپ، يىل بېشىغا يەتتۇق يەنە،
سەن ئۇزاپ كەتمىدىڭمۇ، بەڭباشلىقىم؟
چۆرەمدە تاغدەك ئىشلار ئۆرە بوپتۇ،
مەن يەنە قۇرۇق قوللا كەلگەن چېغىم.

كەت، يوقال كۆزدىن نېرى، بەڭباشلىقىم،
باشلىما ھەر تەرەپكە ياشلىقىمنى.
بىلەمسەن، رايىم قايتتى دەۋتتىڭىن،
گېپىم شۇ، ئېيتسام ساڭا راستلىقىمنى.

بەس ئەمدى، پۇشايمىنىم بىللە كەتسۇن
يېتىقسىز بەڭباشلىقنىڭ شورى بىلەن.
مەنسىز ئۆسكەن مېنىڭ ساقاللىرىم
ئاقارسۇن ئەمدى ئەقىل نۇرى بىلەن.

1957-يىل 31-دېكابىر.

# دەۋرىم — بەختىم

شاھ ئەمەسمەن ياكى شاھزادە،
ياشىمدىم ئالتۇن قەسىردە.
بەختىم شۇكى، تۇغۇلۇپتىمەن
سوتسىيالىزم مەۋجۇد ئەسىردە.

مىڭ سۇلايمان پاراغىتىنى،
مىڭ ئىسكەندەر سەلتەنىتىنى —
بەخش ئەتسىمۇ، تېگىشمەيمەن ھېچ
ئۆز ئەسىرىمنىڭ بىر مىنۇتىنى.

سورايدىكەن جەننەتنى مەندىن،
ئۆز ئەسىرىم جەننەت مەن ئۈچۈن.
«ھور-پەرىلەر» بەزمى پەيزىدىن
ئەسىرىم غېمى لەززەت مەن ئۈچۈن.

ئەسىرىم-دەۋرىم تولدى قىرىققا
ۋە بەختىممۇ قىرىق ياش مېنىڭ.
شۇ دەۋرىمگە،
دەۋرىمگە ھەمدەم
ئاشۇ بەختىم قېرىنداش مېنىڭ.

"ئاۋرورا"نىڭ مۇقەددەس زالپى
بەخت تېڭىنىڭ چولپان يۇلتۇزى.
شۇ سەھەردە دەۋرىم-بەختىمنىڭ
ئانىسىنىڭ يورۇدى كۆزى.

بەختىمنىڭ تۇنجى نەسلىنى كۆرۈپ،
قېرى دەردىنىڭ يولى بوغۇلدى.
مانا ئەمدى بىزدە شۇ بەختنىڭ
ئوتتۇرانچى نەسلى تۇغۇلدى.

كونا دۇنيا ئاشۇ بەختنىڭ
كەنجىسىگە ھامىلدار بۇگۈن.
كۆلىنى سورۇپ،
ئاۋاق جەسەتنى
ئۆزىتىمىز ئەتە يا ئۆگۈن.

1957-يىل نويابر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىزىل بايراق

## 1

قىزىل بايراق گۈڭشىمىزغا تىكىلدى،
قىزىل شولا ئالقىش بولۇپ تۆكۈلدى.
قىزىل بايراق پەرۋازىنى كۆرگەندە،
خىجالەتلىك نەلەرگىدۇ مۆكۈندى.

ھالال تەرنى كۆپ تۆككەننىڭ يۈزى ئاق،
قىزىل بايراق—يۈزى ئاقنىڭ يولدىشى.
خۇشاللىقتىن ئۇنتۇمايمىز ئەتىنى،
(ئارتۇق غۇرۇر—خىجىللىقنىڭ قولدىشى.)

بايراق بىلەن قىزارسۇن بۇ يېزىمىز،
خىجىللىقتىن قىزارمىسۇن يۈزىمىز.

## 2

ئالدىڭ يەنە قىزىل تۇغنى، گوڭشىمىز،
زەربىدارلىق گۈل ئۈنۈپتۇ مەيدەڭدىن.
ئالقىش بىلەن بىزەك تاقىغان غەلىبەڭنى
كۆرگەن ئىدىم تۇنۇگۈنكى ۋەدەڭدىن.

قىزىل تۇغدىن قاناتلانغان گوڭشىمىز،
غەلىبەڭ بىلەن ئالدى كۆڭلۇم گۈل قىسىپ.
مەنمۇ يەنە يەڭ شىمايلاپ ئاتلاندىم
زەربىدارلار ماڭغان يولدىن ئىز بېسىپ.

ئارمىنىم شۇ: سەپ ئالدىدا تەر تۆكسەم،
شېئىر يازسام غەلىبىلەرنىڭ قوينىدا.
پوتا بولسا يىگىتلەرگە قۇرلىرىم،
مارجان بولسا ئىشچان قىزلار بوينىغا.

1959-يىل ئاۋغۇست، تۇرپان.



# سارىيه

كېنىيىلىك سارىيه دېگەن ياش ئايال مۇستەملى-كىچى ئەسكەرلەرنى ئۆزئۆيىگە باشلاپ، هاراق بىلەن مەست قىلىپ، ئارقىدىن ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئۆجۇقتۇردى. بەختكە قارشى بۇ ئايال قولغا ئېلىنىپ، قەهرىمانلارچە قۇربان بولدى.

— گېزىت خەۋىرى

سارىيه،
سارىيه،
كېنىيه قىزى،
خاتىرەمگە سىڭدىڭ شۇ دەم سەن.
مۇبادا كىچىك بولساڭ سىڭلىم سەن،
ياكى چوڭ بولساڭ مەندىن، هەدەم سەن.

سارىيه،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سارىيە،
سالام، سارىيە!
تەرپىڭنى ئاڭلاپ ئۆزاقتىن،
ماتەم تۇتۇپ ساڭا قەلبىمدىن،
قەبرەڭگە گۈلدەستە ئۆزاتتىم.

* * *

ئاشۇ كۈنى
لوندون قوزغۇنى
ئەگىپ قونۇپ سىنىڭ مەلەڭگە؛
چاڭگال سىلىپ يۇرتداشلىرىڭغا،
غەزىپىڭگە بولدى سەرەڭگە.
قىنىڭنى قاينىتىپ غەزەپىڭ تەپتى،
ئىنتىقام سىنى ئۇندىدى جەڭگە.

ئاشۇ پەيتتە
بارى يات ئىدى
ۋۇجۇدۇڭغا غەزەپتىن ئۆزگە.
بىراق لىۋىڭنى كۈلكىگە زورلاپ
ۋە تىلىڭنى "چىرايلىق" سۆزگە؛
قوزغۇنلارنى شارابقا چىللاپ،
دىدىڭ: "مىھمان بولۇڭلار بىزگە."

شۇ سۆزدىن ئۇلار "قەدرى"نى سىناپ
ئولتۇرماستىن تەكەللۇپ سىتىپ،

كەلدى ئۆيۈڭگە كۇلۇپ-كالچاراپ،
ئېغىزلىرى قۇلاققا يېتىپ:
ئافرىقىلىقنىڭ "هالاۋىتىنى"
كۆرمەك بولدى بەزمىدە تېتىپ.

سارىيە،
جىمجىت ئۆتتى دېمىگىن
دەردمەن يېزاڭدا ئاشۇ كېچىنى.
سۆز-چۆچەك بولۇپ سېنىڭ جومبىقىڭ،
كەزدى هايالسىز مەهەللە ئىچىنى.
غەزەپلىنىپ ساڭا بەزىلەر،
ئاتتى شەپقەتسىز لەنەت تېشىنى:
"ۋىجانىنى ساتتى سارىيە."
"ئەل-يۇرتىنى ساتتى سارىيە."
"ئەل-يۇرتىغا زەهەر بەرگەنگە
شېرىن شاراب تۇتتى سارىيە."
"شاراب ئەمەس ياۋغا تۇتقىنى،
كېنىيىنىڭ نومۇسى، قېنى.
"ئېسىت سارىيە، ۋىجدانىڭ قېنى؟"
"سارىيە،
سارىيە،
ئانا ۋەتەنىنىڭ
قەهرۇ غەزىپى تۇتىدۇ سېنى!..."

بىراق بەزىلەر غەۋغانى بېسىپ،
قايىنىغانلارنى كەلدى قايتۇرۇپ:
"باشقا ئۇي باردۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە،
سەككىز دېمەڭلار سانىماي تۇرۇپ،"
"نەپرەت پەقەت غەزەپتە ئەمەس،
كۆلكىنگىمۇ نەپرەت سىغىدۇ.
ئۇ مۆكۈنۈپ تۇرۇپ تەبەسسۇملارغا،
تۆيدۇرماستىن ياۋنى بوغىدۇ."
"سارىيە-ئۇ غەزەپ، ئىنتىقام
چېچىدىن تا تىرنىقىغىچە.
ئۇ يېلىنماس باسقۇنچىلارغا
تا ئاخىرقى تىنىقىغىچە..."

شۇ چاغدا سېنىڭ ئۆيۈڭدە بەزمە،
"مېھمان"لىرىڭ ئىچەتتى شاراب.
سېنىڭ سىرلىق تەبەسسۇمۇڭغا
قىزغىنىشىپ تويمايتتى قاراپ.
ئىچىشەتتى
ئاشۇ تەبەسسۇم
نىقاب سالغان يۈزۈڭگە قاراپ.
ئىچىشەتتى
غەزەپ ئوتىنى
تەسلىكتە يوشۇرغان كۆزۈڭگە قاراپ.
ئىچىشەتتى

بىر-بىرى بىلەن
ئۇنى تالىشىپ، بۇنى تالىشىپ.
يېپىشاتتى سىنىڭ چۆرەڭگە
بىر-بىرىدىن سېنى تالىشىپ.

تىللىشاتتى سېنى تالىشىپ،
مۇشتلىشاتتى قالماي تەخىرى.
"ھەركىم بەختىنى سىناش"قا كۆنۈپ،
كارتىلارنى يايدى ئاخىرى.
ئاجرىتىلدى نۆۋەت قاتارى،
كارتا بولدى "خالىس پۈتۈمچى".
سارىيە،
سەندىن لەززەتلىنىشكە
تۈز—بىرىنچى،
كارول—ئىككىنچى. . .
كۆرۈپ تۇرۇپ شۇنى سارىيە،
ھېچ بۇزمىدىڭ يەنە چېھرەڭنى.
تاقىتىڭنىڭ چېكى نەدىدۇ،
نەگە يوشۇردۇڭ شۇنچە قەھرىڭنى؟!

سۇندۇڭ شۇندا ئۆزمەي شارابنى
ۋە ئۆزۈڭمۇ يالغان مەست بولۇپ.
بىراق قەلبىڭدە قەھرىڭنى بەتلەپ،
تەييارلاندىڭ زەبەردەس بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com

”مېھمان“لىرىڭ شەرتىڭگە كۆندى
تونگىتىشكە ئىچىپ بارىنى.
ئىچە-ئىچە قىيسايدۇ بىرلەپ
ۋە جىمىقتى بەزمە سورۇنى.

تەبەسسۇمنى قوغلاپ شۇ چاغدا،
غەزەپ ئۇرغۇپ چىقتى چېھرەڭگە.
قانلىق جەڭدە سەزدىڭ ئۆزۈڭنى،
قىساس بۇيرۇق بەردى قەھرىڭگە.
كارتا ئايرىغان نۆۋەت بويىچە
خەنجىرىڭنى سانجىدىڭ بىر-بىر.
”ئۆز بەختىنى سىناشتى“ ياۋلار،
بەزمىدىن كېيىن شۇ بولدى تەقدىر.

سارىيە،
سارىيە،
كېنىيە قەھرى،
ياۋ كۆكسىنى تىلغان ئىنتىقام.
مەردلىكىڭنى ئاڭلاپ ئۇزاقتىن،
ھۆررا توۋلاپ كۆتۈردۇم چۇقان.

سارىيە،
بىراق قالمىش ياۋلىرىڭ
خۇددى ئىتتەك ئىزىڭنى قوغلاپ،

تىمىسقىلاپ ھەر يان سوراقلاپ،
قىساسكارنى قاتىل دەپ تۇتۇپ،
دار ئالدىغا ئەكەلدى باغلاپ.
دار ئالدىدا ئۆچمىدى يۈزۈڭ،
غەزەپتىن يالقۇن چاچاتتى كۆزۈڭ.
”تۇگىتەلمەيسەن بىزنى ئۆلتۈرۈپ! . . .“
شۇ بولدى سىنىڭ ئاخىرقى سۆزۈڭ.

قوللىرىڭنى باغلاپتۇ شۇنچە،
بىراق قەھرىڭ يېيىپتۇ قانات.
سىنى قاتىل ئايرىدى جاندىن،
بىراق سىنىڭ قىساسىڭ ھايات.
جاللات ئۆزىنى ئوخشىتىپ دارغا،
پەستىن سىنى تارتىدۇ، ئەنە.
بىراق دار قانچە ئېگىز بولسىمۇ،
سىنىڭ قىساسىڭنىڭ ئاستىدا يەنە.
پەرۋاز قىلار سىنىڭ قىساسىڭ،
دېڭىزلەردە ئۈزەر غۇلاچلاپ.
چاقىرىدۇ ياۋنى قىرىشقا
ۋەتەندىشىڭنى كۈرەشكە باشلاپ.

* * *

سارىيە،
سارىيە،
كىنىيە قىزى،

www.uyghurkitap.com

خارلانغان ئەلنىڭ قىساس خەنجىرى.
ئېلىڭ بولۇپ قەھرىڭگە ۋارىس،
ئۈزۈلەر بىر كۈنى قۇللۇق زەنجىرى.

1959—1960-يىللار.

# ئۆزۈم ئۆزگەندە

ئۆزۈم پىشتى،
شەربەتكە تولدى،
ھەر ساپاق بىر سېۋەتكە تولدى.
"نەمۇنچى تەك"نى ئۆزگەندە،
مۇخبىر كېلىپ سۈرەتكە ئالدى.

ئۇ، بىر قىزنى يانداپ توختىدى،
ئاشۇ قىزنى ھەممە ماختىدى.
بىراق قىزچاق ئۈركۈپ كېيىكتەك،
"ياق. . . سۈرەتكە خۇشتۇم يوق" دېدى.

مەن ئارىلىشىپ، "قاچماڭ" دېۋىدىم،
چىققتى شۇ سۆز تىترەپ لېۋىدىن:
"مۇنچە ئايرىم سۈرەتكە تارتىپ،
داڭلىنغۇدەك نېمە قىلىۋىدىم؟"

www.uyghurkitap.com

سايى قىلدۇق،
زادى كۆنمىدى،
لېكىن سۆزى تۈزۈتسىز ئىدى.
”نىمانچىلا قىلىسىز؟“ دېسەك،
”داڭلىنىشتىن قورقىمەن“ دېدى.

قىزىقسىنىپ ئۇنىڭ گېپىگە،
دېدىم: ”بۇ ئىش ئەلنىڭ ئىلكىدە.
ئەل داڭلايدۇ كىمكى تەر تۆكۈپ،
ئېرىشسە ئەلنىڭ مۇھەببىتىگە.“

دېدى: ”مۇشۇ ئۆزۈمگە بەلكىم
سىڭگەن بولسا مېنىڭ ئەمگىكىم،
ھۈزۈرلانسا يېگەندە خەلقىم،
شۇدۇر مېنىڭ ھۈزۈرۈم، داڭقىم.“

* * *

باغۋەن قىزى،
مېنىڭ مەشۇقۇم،
ئاشتى ساڭا زوقۇم، خۇشلۇقۇم.
چۈشمىسەڭمۇ سۈرەتكە، مەيلىڭ،
لېكىن مېنىڭ پۈتتى قوشۇقۇم.

1959-يىل سېنتەبىر، تۇرپان.

# يېڭى يىل ھارپىسىدا

يىلنىڭ بۈگۈن ئاخىرقى كۈنى،
كېتىۋاتىمىز يەنە ئالغا بىز.
ئۆستەڭ بويلاپ قازماقتىمىز گۆر
جاپا ئاتلىق قېرى ياۋغا بىز.

قېرى جاپانىڭ پەسلى، قولدىشى
قەھرىتان سوغ تۇرۇپ قوشۇمنى،
يېتىپ كەلدى ھۆۋلاپ، ئۆندەرەپ،
قورقۇتماق بولۇپ بىزنىڭ قوشۇننى.

قەھرىتان سوغ نەشتىرىن سانجىپ،
بىزنى تىترىتىپ باقسۇنچۇ، قېنى!
بىز بۇ يەردە سۇ كېچىپ تەرلەپ،
قارشى ئالىمىز، يېڭى يىل، سېنى.

قەھرىتان سوغ يۈزلەرگە چاپچىپ،
ئاققۇزماقچى كۆزنىڭ يېشىنى.
ۋە لېكىن بىز كۈلۈپ شادلىنىپ،
قۇچاقلايمىز، يېڭى يىل، سېنى.

قەھرىتان سوغ قانچە ھۇۋلىسۇن
قۇلاقنى يېسۇن ئەنسىز سورۇنى؛
ناخشىمىزغا كۆمۈپ بىز ئۇنى،
تەبرىكلەيمىز، يېڭى يىل، سېنى.

* * *

جاپا!
گەرچە بېشىڭ يەتتە بولسىمۇ،
دەۋرىمىزنىڭ ئالدىدا بەند سەن.
بىز چىقىمىز سېنىڭ بېشىڭغا،
كۆپ ئۆمۈر تەمە قىلما ئەمدى سەن.

1959-يىل دېكابىر، تۇرپان.



# ئۆستەڭدىن خەت

راسلىنىپسەن بىز تەرەپكە كەلمەك بولۇپ، ئامرىقىم،
كەل پەيتىدە، شۇ قايىنامدا سەنمۇ بىللە يايرىغىن!
ئاڭلىغانسەن، بۇ ئايدىمۇ قىزىل بايراق بىز بىلەن،
مەنمۇ يازدىم، ئەمما ئۆزۈڭ كېلىپ كۆرگىن كۆز بىلەن.
ناغرا بىلەن ئويغىنىمىز، چولپان بىلەن بەسلىشىپ،
يالقۇن بولۇپ يالقۇنجايمىز، سوغۇق بىلەن قەستلىشىپ.
كور بۇلاققا كۆز ئاچقۇچى ئالماس ئۇچلۇق بۇرغۇي بىز،
شۇ كۆزلەردىن تەشمە تېشىپ، خەزنىلەرگە شۇڭغۇيمىز.
يالتىرلىسا ئويناق سۇلار، كۆزلىرىڭنى ئەسلەيمەن،
شىلدىرلىغان ئاۋازىنى سۆزلىرىڭدەك تىڭشايمەن.
هارغىنىمنى بىلەلمەيمەن شۇ كۆزلەرنى قوغلىشىپ،
قوغلاشقاندەك ئالمىلىقتا سېنىڭ بىلەن ئوينىشىپ.
جىرالاردىن ئۆستەڭلەرگە جەم بولۇپ سۇ چىرمىشىپ،
لۆمشۈپ ئاقتى، دولقۇنلىرى بىر-بىرىگە مىنگىشىپ.
شۇ سۇلاردىن سەن ئوچۇملاپ ئىچكىنىڭدە ئاياقتا،
مېنىڭ تونۇش هىدىم ساڭا پۇرىغاندۇ شۇ ۋاقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خۇشالمەنكى، شۇ سۇلارغا مېنىڭ قەترەم قېتىقلىق،
ئۇنىڭ چۇشقۇن ئېقىمىغا زەنجىر ئوخشاش چېتىقلىق.
شۇ ئېقىمغا تەرلەر بىلەن يول باشلىدۇق، بىراق بىز
شۇنچە تېتىك، غەم-قايغۇدىن، زارلىنىشتىن يىراق بىز.
تاغنى تېشىپ گەمە ئويدۇق، بۇلۇڭ-قىرنى تەكشىلەپ،
راسلىۋالدۇق تەكچىلەرنى جوتۇ بىلەن نەقىشلەپ.
ئاشخانىمىز زەپمۇ ئەپلىك، تاماق يەيمىز زوقلۇنۇپ،
ئەتە-ئاخشام يىغىن ئاچساق، ئويۇن قويساق ھەم كۆلۈب.
ئىشتىن كېيىن ئۆزىمىزمۇ سازغا ناخشا تەڭشەيمىز،
بېيجىڭدىن ھەم ئۈرۈمچىدىن نەغمە-ناۋا تىڭشايمىز.
ھەۋەس بىلەن مېھرىمىزنى تۆكتۇق مۇشۇ يەرگە بىز،
راستىن ئېيتسام، بۇ گەمىلەر سارايلارغا بەرگۈسىز.
بۇ سارايلار ھەر جەڭچىگە كۈچ بېغىشلاپ، قەلبىگە-
ئىلھام بېرىپ، ئىشەنچ بىلەن ئاتلاندۇرار غەلىبىگە.
بۇ سارايلار تۇرغان بىلەن ھەشەمەتسىز، كۆرۈمسىز،
ھەشەمەتلىك سارايلارغا كىرەلمەيمىز بۇنىڭسىز...
ئۆستەڭ تولۇپ، شاۋقۇن سېلىپ ۋادىلارغا سۇ كەلسە،
سۇغا قېنىپ يەر سەمرىسە، قاقشال چۆللەر كۆكەرسە،
چەشلەر تاغدەك قەد كۆتۈرسە، شاخنى ئەگسە مېۋىلەر،
بۇلۇت بىلەن قوچاقلاشسا ئاق ئالتۇندەك دۆۋىلەر؛
بايلىقلاردىن ئۆسۈۋەرسە زاۋۇتلارنىڭ قامىتى،
ماشىنىلار ئېقىپ تۇرسا، يېزىنىڭمۇ ئامىتى.
گۈركىرىتىپ كەڭ دالانى پولات ئاتتا يۈگرىسەك،

شۇ ئۆستەڭگە گىدرو[1] ياساپ، قاراڭغۇنى كۆرمىسەك.
ئايهاي، قانداق ئېسىل ئىشلار بولار ئىدى شۇ ۋاقتا،
بىراق ئەمدى ئۇ كۈنلەرمۇ ئەمەس ئانچە يىراقتا.
بارماق بىلەن سانىغۇدەك يىل كەتمەيدۇ ئۇ كۈنگە...
ئۇغۇ شۇنداق، بىزمۇ ئەمدى كەلسەك شۇنداق پۈتۈمگە:
تويىنى قىلساق شۇ پەللىگە يېتىشۋالغان كۈنلەردە،
ئىستانسىمىز پۈتكەن چاغدا، ئېلېكترلىك ئۆيلەردە...
شۇ پەللىگە تېز بېرىشقا، تېزراق كەلگىن، ئامرىقىم،
كەل پەيتىدە، شۇ قاينامدا سەنمۇ بىللە يايرىغىن.

1960-يىل يانۋار.



① گىدرو—سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسى

مۇھەببەتسىز گۈللەردىن ئەلادۇر ياپراق،
بىبەھرى گىيادىن ئەۋزەلدۇر تۇپراق.
بىئەقىل يولداشتىن ياخشىدۇر تاياق،
كور كىشىگە يۇرەر يولىن بىلدۇرۇر.

— «يۇسۇپ ئەھمەت» داستانىدىن.

چىقتى ئېتىزغا سېكىلەك،
ياغلىقىنى چىلك چىكىلەپ.
باغقا ئۈنى قىلدىم شەرەت،
كېلەرمىكىن دەپ ئەركىلەپ.

قاراي دېمەيدۇ قايرىلىپ،
قانداق كېتەي مەن ئايرىلىپ.
يىپسىز ئاڭا مەن باغلىنىپ،
يۇردۇم قېشىدا چۆگىلەپ.

بىر چاغدا ئاستا گەپ ئېچىپ
باقسام شۇ گەپتىن گەپ تېشىپ.
گەپنى يىراققا ئەپقېچىپ،
دەرد سالدى دەرتكە تۆپىلەپ.

ئاخىر چىدالماي ئاھ دېدىم،
ئاۋۋال قېشىنى ماختىدىم.
”كۆيدۈم، مادارىم يوق،—دېدىم،—
كەلدىم شىپا-دەرمان تىلەپ.“

شۇ چاغدا قىزچاق بىر قاراپ،
دېدى سۇنۇپ بىر تال تاياق:
”قاپسىز ھېرىپ، يۈرمەڭ ياياق،
سىزگە بولار شۇ يار-يۆلەك.“

ھەيران بولۇپ بۇ سۆزگە مەن،
رەنجىشتە ئېيتتىم قىزغا مەن:
”كىم بوپ كۆرۈندۈم سىزگە مەن،
قىلغانمىدىم تاياق تەلەپ؟“

شۇ چاغدا يەنە دېدى قىز:
”يوق ھېچ مادارىم دېدىڭىز.
بولسۇن بۇ سىزنىڭ ئېيتىڭىز،
مىنىپ كېتىڭ خاھ يېتىلەپ.“

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېدىم: ”مېنى بىلمەڭ مېيىپ،
يوق قىلچە بەستىمدە ئەيىب.
گەر ۋەسلىڭىز بولسا نېسىپ،
مېڭىپ چىدايمەن ئۆمىلەپ.“

دېدى: ”چۈشەنمەي گەپنى سىز،
قايمۇقتىڭىزغۇ زەپمۇ سىز.
بىلمەيدىكەنسىز سەتنى سىز،
شۇڭا يۈرۈپسىز تەمتىرەپ.

ئۇنداق ۋىسالنى ئەمدى سىز
تاپماقچى ئاجىز بوندا سىز.
نەلەردە قالغان بەندە سىز،
بۇ سودىدىن يوق سىزگە نەپ.

بۇ چاغدا ھەربىر پەيتتە بىز
ئىشتا سىنايمىز مەردنى بىز.
قانداق ئۆتەيسىز شەرتنى سىز
بىر ئۆمىلەپ، بىر تەمتىلەپ؟

ئويلاڭ، زامانغا سەپ سېلىڭ،
ئېغىزنى چايقاپ گەپ قىلىڭ.

ئۇشبۇ تاياقتىن نەپ ئېلماڭ،
ئەجەب ئەمەس كەتسە يۆلەپ.

بۇ بىر قۇرۇق تال بولسىمۇ،
قاشاڭ ئۇلاغقا قامچا بۇ.
قارىغۇغا بولغاي يولچى بۇ،
ھەر چامدىمىنى بەلگىلەپ.“

ئاغزىم تۇۋاقلاندى شۇ ئان،
تەرگە چۆمۈلدۈم شۇ ھامان.
بولدۇم يولۇمغا مەن راۋان،
ماڭدىم ئۆزۈمنى جىملەپ.

دېدىم ئۆزۈمگە شۇندا مەن:
راست، نەدە قالغان بەندە مەن؟!
تۈز يولغا چامداي ئەمدى مەن،
يۈرمەي تولا ئېزىپ، تېنەپ.

يول تاپتىم ئاخىر ”يولچى“دىن،
ھوشۇمغا كەلدىم قامچىدىن.
گۈل تەرمىسەم تەر-ئۈنچىدىن،
يوقكەن ماڭا ھېچ ياخشى گەپ.

1959—1961-يىللار، تۇرپان—غۇلجا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سۇ كەلدى

تاش ئويۇپ، ئۆستەڭ قېزىپ سۇ ئەكەلدۇق
تاغلاردىن، يەر تەكتىدىن، بۇلاقلاردىن.
تەبىئەت تىلسىمىنى تەسلىم قىلىپ،
ئۆتمەكتە ئۆملۈك يولى سىناقلاردىن.

تۇرپاننىڭ چاكىلدىغان تەشناسىغا
قويۇلدى زۇمرەت ئېقىم شاۋقۇن سېلىپ.
ئويغاندى تالاي دەشتلەر ئۇيقۇسىدىن،
ئۇيقۇغا ئەمەس، بەلكى سۇغا قېنىپ.

كۈلدى يەر، كۈلدى ئېتىز، كۈلدى باغلار،
سىم بويلاپ ئۆستەڭلەردىن چىقتى يۇلتۇز.
كۆز تىكىپ بۇ كارامەت سەھنىسىگە،
ئېسىمگە كېلىپ قالدى كونا بىر سۆز:

ئۆتكەنمىش "كارامەتلىك" بىر ئەۋلىيا،
بۇ يۇرتتىن كۆڭلى رەنجىپ ئوقۇپ ئەپسۇن.
قولىنى ئەتۇر ئۆرۈپ قاغاپتىمىش:
"ئاستىڭ كۆل،
ئۇستۇڭ چۆل بولۇپ ئۆتۇپ كەتسۇن!"

راست بولسا ئەۋلىيانىڭ ئۆتكەنلىكى،
راست بولسا ئەۋلىيانىڭ بەددۇئاسى؛
راست بولسا بەددۇئانى قوبۇل ئەتكۇچ،
نېمىدۇ شۇملۇق تىلەپ مۇددىئاسى؟

راست بولسا شۇ ئەۋلىيا، كۆرسۇن بۈگۈن،
دەۋرىمىز قۇدرىتىگە نېمە دەركىن؟
بىز كۆلسەك ئاشۇ يالغان رىۋايەتكە،
كىملەردۇ دۇرۇت ئوقۇپ تۇرار بەلكىم.

ئەپسۇنلار، بەددۇئالار، ئەۋلىيالار
نادانلىق، ئەركسىزلىك يادنامىسى.
شۇڭلاشقا بىر تامچە سۇ ئىچمەك ئۈچۈن
تۆكۈلدى ئەلنىڭ تۈمەن دۇردانىسى.

ئۆمۈرلۈك تەشنالىقى بىر قانىدى
قازسىمۇ قانچە پەرھات قانچە بىستۇن.

ئەمدىچۇ، زامانىمىز قۇدرىتىدىن
قىلدۇق بىز تىلسىملارنى ئاستىن-ئۇستۈن.

سۇ كەلدى، شېرىن كەلدى قوشاق ئېيتىپ،
جىمىقتى چاڭقاقلىقنىڭ پەريادلىرى.
كارامەت ئاچقۇچىدۇر ئازاد ئەمگەك،
ئەۋلىيا—زامانىمىز پەرھاتلىرى.

1960-يىل ماي، تۇرپان.



# يېڭى يىل تۈيغۇسى

خوشلىشىپ كونا يىل كارۋىنى،
كۆرۈندى جىلۋىلىك يىل بېشى.
سالالماس بىزنى ھېچ ۋەھىمىگە.
يىللارنىڭ كەتمىشى، كەلمىشى.

چۈنكى بىز زاماننىڭ كۈچىدىن
مول ئۈنۈم تۇغدۇرۇپ ۋاقتتىن،
قوش-قوشلاپ مارجانلار تاقىدۇق
يىللارنىڭ بوينىغا ياقۇتتىن.

ۋاقىتلار ئۆتكەنچە، زامانمۇ
ئۆتىدۇ يېڭىنىڭ ئەمرىگە.
بىز تالىق بولغاچقا يېڭىغا،
چۈشمەيمىز كونىراش ۋەھىمىگە.

بىز يېڭى دۇنيانىڭ جەڭچىسى،
ۋاقىتلار ئۆتكەنچە يېڭىرىپ؛
قورىمىز قاتمۇقات يېڭىنى،
پۇتلاشقان كونىنى يىمىرىپ.

ئورلەيمىز مەنزىلنى قىسقارتىپ،
داھىمىز كەينىدىن سەپ تارتىپ،
كەلسىمۇ توسقۇنلار تاغ بولۇپ،
تۇرمايمىز ئەيمىنىپ، تەپ تارتىپ.

كۈن ساناپ، ئاي ساناپ، يىل ساناپ،
ۋايىم يەپ ئۆمۈرنىڭ چېكىدىن؛
قايغۇغا چۆكۈشكە ۋاقىت يوق
ئەنسىرەپ ساقالنىڭ ئېقىدىن.

مۇبادا كۆز يۇمساق بىرىمىز،
كۆكرەكنى كېرىيمىز مىڭىمىز.
كونىراش، قېرىش يوق بىز ئۈچۈن،
بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ يېڭى بىز.

سېپىمىز ئۈزۈلمەس مەڭگۈگە،
قادىرمىز بۇ يولدا ھەممىگە.
تۆرەلگەن بىزنىڭ سەپ غەلىبىگە،
چۈنكى بىز يېڭى بىز، يېڭىمىز.

1960-يىل دېكابر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كەلدىم

قەدىردان يېزام—گۈلشىنىم،
مېھرىڭدىن كەلدىم يول ئېلىپ.
ئەكەلدى مېنى قوينۇڭغا
بوينۇمغا مېھرىڭ قول سېلىپ.

كەلمىدىم ساڭا ھەۋەستىن،
سېغىنىپ سايە-سالقىنىنى.
كەلمىدىم ساڭا يۇك بولۇپ،
كۆتۈرۈپ قۇرۇق تۇرقۇمنى.

كەلدىم مەن، يېزام، سەن ئۈچۈن،
دەۋرىمنىڭ ئۈلى سەندە دەپ.
كەلدىم مەن، يېزام، جەڭ ئۈچۈن،
قوينۇڭنى سەپنىڭ ئالدىدا دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوينۇڭغا قۇرۇق كەلمىدىم
تۆكمەن ساڭا بارىمنى.
رەھمىتىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر
تۆكمەن ھالال تەرىمنى.

شۇ سەپتە مەنمۇ جەڭ قىلىپ،
راسلايمەن تاغدەك چەش-خامان.
بەرىكەتلىك نازۇ-نېمەتتىن
ئاچىمەن ئەلگە داستىخان.

1961-يىل.

## ئۆتكەل

بىز بۇ مەنزىلگە كەلدۇق يىراقتىن،
يەلكىمىزگە ئېغىر يۈك ئارتىپ.
ھېچكىم بىزنى ئەكەلگىنى يوق
باغاق يېزىپ تويغا قىچقارتىپ.
كەلدۇق ئۆزىمىز تارىخ يولىدىن،
ھوقۇش ھۇۋلىغان زۇلمەت چۆلىدىن
بەخت بېغىغا كۆيۈپ، ئىچ تارتىپ.
سىنالمىغان يوللارنى بېسىپ،
داۋان ئېشىپ يولنى قىسقارتىپ.

بىز بۇ مەنزىلگە كەلدۇق يىراقتىن،
لەپىلدىتىپ لېنىن تۇغىنى،
سەپلەر تۈزۈپ قەدىم شەرقتىن.
سانىساق،
بۇ قىزىل يۈرۈشنىڭ
يېشى ئەمدى ئاشتى قىرىقتىن.

www.uyghurkitap.com

بىراق بىز يۈكنى ئالدۇق نېرىدىن—
بۈنىڭدىن نەچچە ئۆزۈن تارىختىن.

ئاتلار ئورۇق،
يوللار ئۆرە ئىدى.
سانسىز كۈلپەت يولنى تورىدى.
قانلار ئىچىدە ئۈزدۇق تالاي يىل،
قانچە لۆجىلەر ئارتقا سۆرىدى.
بوي بەرمىدۇق،
چۈنكى يۈرەكتە
پارلاق مەنزىلگە ئىشەنچ زور ئىدى.

ئۆتكەل ئاشتۇق دەشتلەرنى كېزىپ،
يۈگۈك بولۇپ تاغنى غولىتىپ.
جەڭ نەغمىسى چىقتى ئەۋجىگە،
چۈقان سالدۇق ۋەتەن بويلىتىپ.
يېتىپ كەلدۇق مۇشۇ مەنزىلگە
تۇلپارلارنى چېپىپ ئوينىتىپ.
بوران بولۇپ بۇلۇتنى قوغلاپ،
چولپان بولۇپ تاڭنى ئويغىتىپ.

تاڭ ئويغاندى،
شەرق سۆزۈلدى.
دوزىخى زۇلمەتكە يەتتى قىيامەت.

شۇ زۇلمەتنىڭ خارابىسىدا
جەۋلان قىلىپ قىزىل كارامەت،
ۋەيرانىلەرنىڭ ئاۋات بىناسى
قۇياشتەك چاقناپ كۆتۈردى قامەت.

بۇ بەختىنىڭ ئايەم-ھارپىسى،
گۈلىمىزنىڭ پورەك-غۇنچىسى.
بۇ ھارپىنىڭ داستىخىنىدا
سۇنۇلغان جامىنىڭ تېخى تۇنجىسى.
بىراق قەدرىگە يەتكەنلەر ئۇچۇن،
ئەسىرلەر چاڭقاپ ئۆتكەنلەر ئۇچۇن،
زەھەر-زوقۇم يۇتقانلار ئۇچۇن
دېڭىزگە تەڭ ئۇنىڭ تامچىسى.

بېسىپ ئۆتتۇق قانچە ئۆتكەلنى،
ھېلىمۇ بىز ئۆتكەل ئۈستىدە،
بىراق چارچاش يات ۋۇجۇدىمىزغا.
بىز قىلچىمۇ تىلىمەيمىز نەپ،
يالغان ئېيتىپ مەشۇقىمىزغا،
لاپ تولدۇرۇپ قوشۇقىمىزغا.
تولا ھىجايماڭ "ئاق ساراي"لىقلار،
مۇنچە تىكىلىپ تېلېسكوپ بىلەن
بىزنىڭ ئانچىكىم قوسۇرىمىزغا.
كاسات بازار ئىغۋالىرىڭىز،

چاك-چاك كەتكەن پەتىۋالىرىڭىز
ۋەھىمە سالالماس قوشۇنىمىزغا.
بۈگۈنغۇ بىزدە تويىنىڭ هارپىسى،
هەتتا گىيا يېگەن چاغدىمۇ،
دۇئا قىلىپ ئىنساپىڭىزغا،
بارمىدۇق هەم مەڭگۈ بارمايمىز
باش قويۇش ئۆلۈم بوسۇغىڭىزغا...

* * *

دوستۇم، ئەتىمىز نە قەدەر ئېسىل!
ئۇنىڭ گۈزەل هۆسنىدىن خىجىل
جەننەتنىڭ هۆر-پەرى قىزلىرى.
ئەنە، بەختىمىزنى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ
كۈلۈپ ئۇنىڭ گۈزەل كۆزلىرى.
پارلاق مەنزىل ئىشقىدا يېنىپ،
ئۇچۇپ بارماقتا سۇمۇرغقا مىنىپ
قىزىل جۇڭخۇا ئەزىمەتلىرى—
ئىنقىلابنىڭ چەۋەندازلىرى.
ئۇر دۇمباقنى،
چۇشسۇن ئارقىدىن
”هاي يۆلەن“نىڭ نەغمە-سازلىرى!
سۆزىمىزگە ئىسپات-دالالەت،
تويىمىزغا ئايغاق-بېشارەت
ئۆتكىلىمىزنىڭ شانلىق ئىزلىرى.

1961-يىل دېكابىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سېتۋېنسونغا رەددىيە

ئامېرىكىنىڭ بدت دىكى باش ۋەكىلى
سېتۋېنسون جۇڭگونى يەنە "رەھىمسىز"،
"تاجاۋۇزچى" دەپ ھاقارەتلىدى.
—گېزىت خەۋىرى.

بىز تۆرەلدۇق
بىزگە ھاياتلىقنى راۋا كۆرمىگەن—
كونا دۇنيانىڭ ئاياغ ئاستىدىن،
چىدىغۇسىز كۇلپەت دەستىدىن.
بىز تۆرەلدۇق
قاتىللارنىڭ قورشاۋىدا،
قىلىچلارنىڭ بىسىدىن.
بومبىلارنىڭ،
زەمبىرەكلەرنىڭ
پارتىلىشىدىن، گۇمبۇرلىشىدىن،
سىپسىق، بۇرۇختۇم تۇتەك ئېچىدىن.

بىز خالايتتۇق
ھاياتلىققا كۈلۈپ كېلىشنى.
لېكىن تۇردۇق قوشۇممىزنى،
كۆرگەچكە دۇنياغا كۆز ئاچقان ھامان
بىزگە تەڭلەنگەن قانلىق قىلىچنى.
كۆردۇق شۇ چاغدا
ئاشۇ قىلىچتا
ئۇئۇلىل ستىرىتنىڭ تامغىسىنى بىز.
ئۇئۇلىل ستىرىت،
ئەنە شۇنىڭدىن
ئاتا دۇشمەن دەپ بىلگەن سېنى بىز.
بىلگەن ئىدۇق
سانسىز قۇربانلارنىڭ قىزىل تىرنىقى
سېنىڭ بوينۇڭدا ئىكەنلىكىنى.
بىلگەن ئىدۇق
تىلىڭدىن شېكەر تامغان چاغدىمۇ،
خەنجەر قوينۇڭدا ئىكەنلىكىنى.
شۇڭلاشقا بىز
قىساس ئانىسىدىن دۇنياغا كەلدۇق.
شۇڭلاشقا دۇنياغا ئۆزىمىز بىلەن
ساڭا چەكسىز نەپرەت ئەكەلدۇق.

بىز كۆرۈپ ئۆستۇق
تېلەتىڭنىڭ ھۇرپىيىشىنى،

جاللات كۆزۈڭنىڭ چەكچىيىشىنى.
بىز ئاڭلاپ ئۆستۇق قارغىشلىرىڭنى،
چىشلىرىڭنىڭ غۇچۇرلىشىنى.
شۇڭا يولاتمىدۇق ۋۇجۇدىمىزغا
سەندىن ئىنساپ-شەپقەت كۈتۈشنى.
ھە، شۇڭلاشقا
بىر قولدا كەتمەن يا قەلەم تۇتساق،
ئۆگەندۇق بىر قولدا مىلتىق تۇتۇشنى.

سەن دېگەندەك،
بىزنىڭ باغرىمىز
كۆرۈنگىنى راست ساڭا تاش بولۇپ.
بىراق باغرىمىزنى شۇنداق قاتۇرغان
سەن ئەمەسمۇ تاش-مۇشت ياغدۇرۇپ.
قانلىق تىغلىرىڭ قوينۇڭدا تۇرسا،
بىز ساڭا قانداق قۇچاق كېرىيمىز؟
شۇملۇق ئۇنۇپ تۇرسا ئىزىڭدىن،
شۇمپەنلىك ھومىيىپ تۇرسا كۆزۈڭدىن،
بىز ساڭا قانداق مېھر بېرىمىز؟

بىز خالايتتۇق
تانكىلاردىن تراكتور ياساپ
ۋە قىلىچتىن ئورغاق سوقۇشنى.
بىراق،

سەن قان ئىچىپ دەندىگەن جاللات
يالىڭاچلاپ تۇرساڭ قىلىچنى؛
”كەل، بەسلىشىپ ئۇرما ئۇرايلى“ دەپ،
خالىمايمىز ئۇنىڭ بىسىغا
بېشىمىزنى تۇتۇپ بېرىشنى.
بىز بىلىپ تۇرۇپ ياۋۇز پەيلىڭنى،
نېمىشقا ئەقىلنى قىلىمىز تەسلىم
نادانلىقا — ساڭا ئىشەنچكە؟
ياق،
تارىخ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ،
تىلىمىزنى ئۆگىتەلمەيمىز
سەندىن ئادالەت، شەپقەت تىلەشكە!

بىزنىڭ قەلبىمىز تولغان لىپمۇلىپ
تىنچلىققا مۇھەببەت بىلەن.
تىنچلىق تېخى قورشاۋدا تۇرسا،
سالاغا چۈشۈپ خەتەر-خەۋپ بىلەن؛
ئۆزىمىزنى،
ئىنسانىيەتنى
ئالدىيالمايمىز قۇرۇق گەپ بىلەن.
ئاپەتتىن ئاسرايمىز تىنچلىقنى بىز،
كۈرەش سېپىدە تاقابىل تۇرۇپ،
ساڭا قارشى ئۆچ، نەپرەت بىلەن.

مەيلى، بىزنى سەن قانچە قارغىغىن،
مەيلى، قانچە چاپلىغىن تۆھمەت،
چۆچۈتەلمەس بۇ بىزنى قىلچە،
تۇغدۇرالماس ئىرناقچە ھەسرەت.
بىراق،
ماختىغىنىڭ ھەممىدىن دەھشەت.
شۇڭلاشقا بىز باشقا يول ئېلىپ،
سېنىڭ رايىڭغا قارشى ئىش قىلىپ،
ئىنچلىق سۆيەر ئىنسانىيەتتىن
ئالىمىز رەھمەت.

مۇھەببەت، نەپرەت-بىزگە قوش خىسلەت،
لېكىن ساڭا خاس نەپرەت-قەھرىمىز.
ساڭا قارشى ئاشۇ نەپرەتتىن
ئىنچلىقنىڭ گۈلستانىغا
سىڭىپ بارىدۇ ئەجىر-بەھرىمىز.
ئۆلچىنىدۇ شۇ نەپرەت بىلەن
يېڭى دۇنياغا،
ئازادلىقنىڭ تەشنالىرىغا
بىزنىڭ سەمىمىي، چوڭقۇر مېھرىمىز...

1961-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# بىز ئەسرىمىزنىڭ چىن تۆمۈرلىرى

كاپىتالىزم كىچىك ۋاقتىدا
كۆرۈنگەن ئىدى سىلىق-سىپايە.
بىراق ئۇنىڭ مەككارلىقىغا
تەبەسسۇمى سالغانتى سايە.

كاپىتالىزم كىچىك ۋاقتىدا
تۇتمىغان ئىدى قولىغا قامچا.
كېيىن ئۆسۈپ بولدى قاراقچى،
قولىغا ئېلىپ مىلتىق، تاپانچا.

ئۇ سۆزلەيدۇ ئابرام لېنكولندىن،[①]
بىراق تىغىدىن ئۆكسۈمەيدۇ قان.

① ئابرام لېنكولن (1809—1868) ـ ئا ق ش نىڭ بۇرژۇئا دېموكرات سىياسەتچىسى. نىگىرلارنى قۇل قىلىش تۈزۈمىگە قارشى نام چىقارغان كىشى. كېيىن ئۇ قۇلدارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ۋاتىكاندا[1] ئۇ، پاپانىڭ پىرى
ۋە مەككىدە ئوقۇيدۇ قۇرئان.

ئاتاپ ئۆزىنى سىخىي، كەڭ ئالقان،
"شەپقەت" تونىنى قىلىدۇ قالقان.
بويۇنىدەك ئالتۇن بەرسەڭمۇ، ساڭا—
راۋا كۆرمەس بىر ئوچۇم تالقان.

ئۇ ئۇندىگەن "جەننەت-بېهىش"تىن
تەپتى كېلىدۇ مۇدهىش دوزاخىنىڭ.
تىنچلىققا بەرگەن ۋەدىسى
زەنجىرىدۇر قانلىق ئازابىنىڭ.

تىلى ئاستىدا تىلى بار ئۇنىڭ،
بىراق راست گەپكە تەگمەس چولىسى.
گويا يەتتە باش يالماۋۇز ئۆزى،
دەيدۇ ئۇ قاننى "ئىشتەي دورىسى".

ئۇزسەڭ ئۇنىڭ ئالتە بېشىنى،
بىر بېشىمۇ يانماس پەيلىدىن.
بىخۇدلۇقدۇر ئاڭا دەم بېرىش،
قوغلىغۇلۇق قاچسا كەينىدىن.

---

① ۋاتىكان—رىم پاپاسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىكى شەهەر.

* * *

دەۋەت قىلماقتا، بىلگىراد پوپى،
قوچاق ئاچ دەپ بىزنى ياۋۇزغا.
بوُنداق پەتىۋا يېزىلغان ئەمەس
بىزنىڭ مۇقەددەس كىتابىمىزغا،

ئۆتتۆۋاتساق بىر سەيياردە،
شۇ ياۋۇز بىلەن ئەسىرداش بولۇپ؛
خەۋپ-خەتەرنى كۆرمەسكە سېلىپ،
ياشاش ئۆلۈم بىخۇد-مەست بولۇپ.

ئۇ ياۋۇزنىڭ زەھەرلىك قېنى
قوشۇلمايدۇ زادى بىز بىلەن.
ئۇنى قوچاقلاش سىزنىڭ كەسپىڭىز،
بۇ رەسۋالىق كەتسۇن سىز بىلەن.

* * *

لېنىن سېپى بىلگەن بۇرۇنلا
شۇم ياۋۇزنىڭ تېگى-تەكتىنى.
غاپىل بولساق شۇئان "ئاق ساراي"
بېشىمىزغا قۇرار تەختىنى.

تەمە قىلىپ كۆرەشسىز ئارام،
باشنى تىقىپ ئالدام خالىتىغا؛



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياشيالمايمىز گۇناھكار بولۇپ،
قارا يۈز بولۇپ تارىخ ئالدىدا.

بىز ئەسرىمىزنىڭ چىن تۆمۈرلىرى،
ئازدۇرالماس بىزنى ئېزىتقۇ.
مەختۇمسۇلا قورشاۋدا تۇرسا،
ئاسمايمىز قىلىچنى ھەرگىز قوزۇققا.

1961—1962-يىللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com

# ”ئاساسەن“نىڭ شىكايىتى

ئەۋلادلاردىن ئەۋلادلارغا قالغان مەن،
بىر مەنىدە خىلمۇخىل نام ئالغان مەن.
يا مىللەتلىك، يا سىنىپلىق چېكىم يوق،
ئادەم ئۈچۈن ئورتاق نېسىپ بولغان مەن.

كەزدىم، كۆردۈم تالاي تارىخ، قىسمەتنى،
ھەر كىم ماڭا تاڭدى ھەر خىل خىزمەتنى،
ۋەزىپەم شۇ: پەرق بىلەن نىسبەتنى
ئايرىش ئۈچۈن، ئۆلچەش ئۈچۈن مىزان مەن.

گاھى ئۈستتە، گاھى چاغدا پەستە مەن،
گاھى ياخشى، گاھى چاغدا ئەسكى مەن،
راستچىللارغا مىزان بولسام راستچى مەن،
يالغانچىلار ئىشلەتكەندە يالغان مەن.

بەك خورلاندىم يالغانچىلار دەستىدە،
ئىشلەتكەندە ئۇلار رەزىل قەستىگە،

تۆھمەت بولۇپ چىقىپ ھەقنىڭ ئۈستىگە،
ئادەملەرنى قايمۇقتۇرغان تۇمان مەن.

ھىيلىگەرلەر ھەقىقەتتىن ئۇرۇپ لاپ،
بازار تاپتى ھەر يان چىپىپ پوسۇرلاپ،
شۇ مەككارغا چاپان بولدۇم خىزىر باپ،
ئۆلىمانى ئېزىقتۇرغان شەيتان مەن.

تەكتى قاتىل، قىياپىتى مېھرىبان،
يالغانلاردىن تېنۋىپ بولۇپ ئىچتى قان،
غاپىل ئىنسان سەزمەي ئۇنى بەردى جان،
ئۇ قاتىلنى كۆرسەتكەچكە لوقمان مەن.

چاشقانلارغا "ئاغىمىخان" دەپ نام بېرىپ،
"شانىياز"نى ئۇخلىغىن دەپ دەم بېرىپ،
ئۇ ئويغانسا، يەر ئاستىدىن يول بېرىپ،
كۆپ چاشقاننى ساقلاپ قالدىم ئامان مەن.

رەنجىشلىرىم كۆپ بولسىمۇ ئۆتمۈشتىن،
قالغىنىم يوق ھەق جايىمنى تاپماستىن،
تۈنجى قېتىم ھەقىقەتچى ماركستىن
ئەڭ مۇكەممەل ئىپادەمنى تاپقان مەن.

شەرەپلىك مەن، ماركسچىلار ئىلكىدە
مىزان بولدۇم ھەق-ناھەقنىڭ پەرقىگە،
ماركسچىلار يەڭگەن ئەلدە، ئۆلكىدە
بولالمايمەن ناھەقلىققە قورغان مەن.

شۇنداق ئادىل باھا بولۇپ تۇرمۇشقا،
شەرەپ تاپسام، قالماي ئۇيات-نومۇسقا،
مەن شادلانماي بۇ شەرەپكە نېمىشقا،
دەيمەن شۇڭا: بۇ شەرەپكە قۇربان مەن.

شۇنداقتىمۇ گاھى بۇلۇڭ-پۇچقاقتا،
چىقىپ كەلدىم ھېچ ئورۇنسىز پەشتاققا،
يوقالماستىن بۇ ھەقسىزلىق ھېچ ۋاقتا،
ئازاد بولدۇم دېيەلمەيمەن تامام مەن،

تەختكە چىقىپ بۇ ئەلدە ھەق-ئادالەت،
يالغانچىلىق سانالسىمۇ جىنايەت،
بەزى چاغدا، بەزى جايدا تالاي رەت
يالغانچىغا بولۇپ كەلدىم قالقان مەن.

بەزى يالغان دوكلاتلارغا توقۇلدۇم،
ئۆتۈقلارغا نىسبەت بولۇپ سۇنۇلدۇم،
يوقىرىغا بەزەن شۇنداق تونۇلدۇم،
ھەقىقەتتە ئۆتۈق ئەمەس، نۇقسان مەن.

بەزى مەجلىس بەك داۋراڭلىق ئۆتكۈزۈلدى،
قارىماققا نۇرغۇن تۈگۈن يېشىلدى،
بۇ ”نەق ئىش“قا مېنىڭ تامغام بېسىلدى،
نەق ئىش ئەمەس، بەلكى قۇرۇق چۇقان مەن.

يالغانچىنىڭ ۋەدىسىنىڭ سانى يوق،
كېپىللىككە مېنى تارتىپ ھالى يوق،
سۈرۈشتۈرسەڭ، نەتىجىنىڭ تايىنى يوق،
ئاغزى بىلەن شەھەر ئالغان پالۋان مەن.

بەزى چاغدا سورۇلىغان خامانىدىن،
گەپ ئاچقاندا بۇغداي بىلەن سامانىدىن،
باھا بولدۇم نەق بۇغدايغا يالغاندىن،
ھەقىقەتتە بۇغداي ئەمەس، سامان مەن.

ئارىلاشقاندا يالغانچىلار زاۋۇتقا،
چىقىپ كەتتى تالاي رۇدا نابۇتقا،
مېنى سالماق قىلدى يەنە پولاتقا،
ھەقىقەتتەن پولات ئەمەس، داشقال مەن.

يالغانچىلار ئارىلاشقاندا سودىغا،
يالغاندىنلا سالماق بولۇپ پايدىغا،
نومۇس قىلماي ياردىم مەركەز ئالدىغا،
سۈرۈشتۈرسەڭ پايدا ئەمەس، زىيان مەن.

يالغانچىلار ئارىلاشقاندا ئىلىمگە،
تەتقىقاتى بارماستىنلا يېرىمگە،
داۋان ئېشىپ يەتتۇق دەيدۇ مەنزىلگە،
ھەقىقەتتە ئېشىلمىغان داۋان مەن.

بەزى چاغدا بىنەپ ئىشقا باشلامچى،
دەريا باشلاپ كەلدۇق دېگەن داۋراڭچى،
ھەقىقەتتە ئىچەلمىگەن بىر تامچە،
”ھاۋانچىدا سۇ يەنچىگەن ئىشچان“ مەن.

سۆزلەپ كەلسەم مۇنداق ئىشلار خېلى بار،
خېلى ئىشتا يالغانچىنىڭ قولى بار،
تۇمشۇقىغا يەپ تۇرسىمۇ ھېلىما،
ساقايتىشقا بولۇپ كەلدىم دەرمان مەن.

مېنى سېتىپ جان باقتى كۆپ يالغانچى،
ئۇ كىم دېسەڭ، قورقۇنچاق ھەم ئالدامچى،
بيۇروكراتلار بولدى ئاڭا تايانچى،
شۇنىڭ ئۇچۇن بولدۇم خېلى بەتنام مەن.

بۇ ئىشلاردىن كەلگەن زىيان ئاز ئەمەس،
كۆرمىگەن كۆز ئۇنى، ئادىل كۆز ئەمەس،
شۇڭا دەيمەن: مەنمۇ ئەمدى رازى ئەمەس
ھەق جايىمنى تۆگەل تاپماي چاپسان مەن.

ئاز بولمىدى يالغانچىنىڭ ئەلىمى،
يەتكەن جايدا ئۇنىڭ رەزىل قەدىمى،
بولمىغاندا ماۋجۇشىنىڭ تەلىمى،
خارلىناتتىم بۇنىڭدىنمۇ يامان مەن.

باركاللار ماۋجۇشىنىڭ پەمىگە،
دەككە بەردى يالغانچىلىق ۋەھمىگە.
ئەمدى ئاسان چىقالماس ئۇ سەھنىگە،
يالغانچىغا ئەمەس ئەركىن مەيدان مەن.

تەكشۈرۈشلار ئۆتكەن ئىشنى سىنچىلاپ،
مەن يالغانغا نىقاب بولدۇم قانچىلاپ،
مېنى بوزەك قىلغانلارنى قامچىلاپ
تونجۇقتۇرۇش، قىلاي ئەركىن خەندان مەن.

مانا، ھەقنىڭ ئادىل ھېساب كىتابى،
يالغانچىنى تىترەتمەكتە گۇناھى،
يالغان بولسام بۇرۇن ئۇنىڭ نىقابى،
ئەمدى قىلمىش گۇناھىغا مىزان مەن.

1962-يىل يانۋار-مارت، ئۈرۈمچى.

# ئۇرچۇق باتۇر

شۇنداق سۆز بار
(كونىدىن قالغان):
"لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى."
توۋا، خىزىر خۇددى ئۇيغۇردەك،
ئۇيغۇرلاردا ئاز لەقەمسىز كىشى.

خىزىر دېگەن ئەپسانە چۆچەك،
ئۇنى ياسىغان ئادەم خىيالى.
بىراق كۆپ ۋاقىتتا لەقەم ئادەمنىڭ
بولۇپ قالىدۇ نامىئەمالى.

* * *

ئىسمى-جىسمى تۇرسىمۇ ئايرىپ
بۇ سېختىكى بارچە ئادەمنى،
ھەيران بولۇپ دەيسىز:
"نېمىشقا
(ئۇرچۇق باتۇر" دەيدۇ پاتەمنى؟"

جوغى كىچىك بولغاچقا ئۇنىڭ،
ئاسانغا چۈشمىدى زاۋۇتقا كىرىش.
«قانداق يارىسۇن، -دېگەن بەزىلەر، —
تۇرسا ئۇنىڭ بويى تۆت غېرىچ!»

مانا، ئۈچ يىل ئۆتتى ئارىدىن،
بويى يەنە خۇددى شۇ پېتى.
بىراق ئۇنتۇلۇپ ئەمدى «تۆت غېرىش»،
«ئۇرچۇق باتۇر»غا ئايلاندى ئېتى.

ئىككى يىلدا ئىشچى ئاتالدى
«شاگىرت» ئاتلىق ئۆتكەلنى بېسىپ.
سىخ ئىچىدە قىزىل تۇغ بولدى
مىڭ ئۇرچۇقتا ئىنچىكە ئېشىپ.

ئەنە قاراڭ، ئۇنىڭ ئىلكىدە
سايراپ تۇرىدۇ بىر جۈپ دەستىگاھ.
شۇڭا ئەمدى كەمسىتىش، گۇمان
دەسسىلىپ قالدى ئۇنىڭ ئاستىدا.

* * *

بىر مىڭ ئۇرچۇق-ئىككى دەستىگاھ
ئۈچ ئايلىنىش-يېرىم چاقىرىم.
ئوخشاتقىنىڭدا ئۇنى فرونتقا،
كوماندىرىغا دەيسەن: ئاپىرىن!

"قانچە ئەسكەر بار بۇ فرونتتا؟" دەپ
سوئال قويساق كوماندىرىغا،
ئۇرچۇق باتۇر جاۋاب بېرىدۇ:
"ئۆزۈم بىلەن بىرمىڭ بىرى بار."

بىزگە مەلۇم، ياخشى كوماندىر
كۆرىدۇ ئۆزىنى جەڭچى بىلەن تەڭ.
شۇڭا ئۇ دانا،
شۇڭا ئۇ كۈچلۈك،
شۇڭا يېڭىدۇ ئۇ باشلىغان جەڭ.

* * *

دەستىگاھنىڭ يېنىدا جىمجىت
بىر دىن ساندۇق تۇرىدۇ ھامان.
لېكىن ئاچقاندا تۆت سائەتتە بىر،
تەكشۈرگۈچى بولىدۇ ھەيران.

ئاشۇ ساندۇق ئېچىلغان ۋاقىتتا
تولغان بولسا ئىچىگە پاختا،
بۇ ئەلۋەتتە براكتىن بەلگە،
يوشۇرالماس ئۇنى ھېچ ساختا.

بۇ ئۇيات ئىش،
لېكىن ئۇنىڭدىن

ئۆرچۆق باتۇر خالىي ھەر كۈنى.
ئۇنىڭ ساندۇقى قۇرۇق تۇرىدۇ
بەنزىدە بىر ئاچساڭمۇ ئۇنى.

شۇڭا دەيدۇ بەزىلەر: "بىزمۇ
ئۆرچۆق باتۇردەك ئىشلىسەك مەزمۇت،
شۇ ساندۇققا كەتكەن ئەمگەكتىن
نەچچە زاۋۇت بولاتتى مەۋجۇت. . ."

* * *

توقۇمىچى قىز ئارزۇ قىلىدۇ
ئۆرچۆق باتۇر ئېگىرگەن يىپنى.
شۇنداق يىپتىن توقۇسا ئۇ قىز،
خۇددى پاڭچۇ قىلىدۇ چىتنى.

ئاۋۇتىدۇ ئاشۇنداق رەختلەر
تەكشۈرگۈچى قىزنىڭ ئىشىنى.
رەختتىن قۇسۇر تاپالمىغاچقا،
ئۇپراتمايدۇ قېرىندىشىنى.

دەيدۇ ئۇلار رەختكە زوقلىنىپ:
نېمە دېگەن چىرايلىق، سىپتا!
توقۇلغاندەك گويا بۇ رەختلەر
ئۆرچۆق باتۇر ئېگىرگەن يىپتا.

شۇنداق رەختتىن ئالغان كىشىلەر
ئايىماستىن سانايدۇ پۇلنى.
مەيلى، قانچە قىممەت بولسىمۇ،
ئىزدەپ تاپىدۇ ئۇستا سەيپۇڭنى.

سەيپۇڭ ئۇستام رەختنى قەدىرلەپ،
رازى قىلىدۇ ھۈنەردە سىنى.
”گۈل ئۇستىگە گۈل بولدى راست“ دەپ،
ھەۋەس بىلەن كىيىسەن ئۇنى.

* * *

ئاشۇ رەختلەر بىزنىڭ زاۋۇتتىن
چىققان (نەچچە چىبجەندىن—سىختىن).
يارالدى ئۇنىڭ ئىبىل ئۆلگىسى
ئۇرچۇق باتۇر ئىگىرگەن يىپتىن.

پەخىرلىنىدۇ ئاتا-ئانىلار:
ئۇرچۇق باتۇردەك بولسا قىز بالا.
مەنمۇ زوقلىنىپ دەيمەن:
شۇ قىزغا
قايسى بەختلىك يىگىت جۈپ بولار؟...

1962-يىل، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى www.uyghurkitap.com

# لاشتوٚروٚپ . . .

(بىر سېكرېتارنىڭ ئاغزىدىن)

چوٚشەكىگەندەك،
ئەتكى ئىشنى
بوٚگوٚنكى ئىشقا ئارىلاشتوٚروٚپ،
ئەجەب تەلۋىلىك قىلغان ئىكەنمىز
قالايمىقان "ئومۇملاشتوٚروٚپ".

كوٚزگە ئىلماي قانوٚنىيەتنى،
قوغلىشىپ خىيالىي شېرىن نىيەتنى،
چاغلىماستىن ئىمكانىيەتنى،
ئالداپتىمىز ئوٚزىمىزنىموٚ
تەخمىنەننى چوقوٚملاشتوٚروٚپ.

ئەزا كادىرغا ئىشىنىدوٚ دەپ،
ئىشەنسە چىگىش يېشىلىدوٚ دەپ،

www.uyghurkitap.com

بايلىققا بايلىق قوشۇلىدۇ دەپ،
قىلدۇق ئۇلارنى بارغانچە بىزار،
شەخسلەرگە نەپ بەرمەيدىغان
”ئومۇمىي ئىش“ ئورۇنلاشتۇرۇپ.

ئۇستۇن ئىدى خەلقنىڭ غەيرىتى،
ئادىل بولمىدى تەقسىم قىسمىتى.
خاتا باشقۇرۇپ،
قويدۇق ئۆزىمىز
ئۇششۇقلارنى ئاقنانچى قىلىپ،
ئىشچانلارنى ھورۇنلاشتۇرۇپ.

نادانلىقىمىز ئوبدانلا چاندى،
بۇرنىمىزغا سۇ كىردى ئەمدى،
قەلبىمىزگە يېڭى دىت قوندى.
قويمايلى ئەمدى نادانلىق قىلىپ،
شېرىن نەرسىنى زوقۇملاشتۇرۇپ.

1962-يىل.



# ۋەتەن ھەققىدە غەزەل

جان ئانام، جانان ئانام جۇڭگو، ئۇنىڭ پەرزەندى مەن،
مېھرىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندە مەن.

قەلبىمىزنىڭ مەشئىلى كومپارتىيە— باشلامچىمىز،
توي بىلىپ ئات سالىمەن ئۇ باشلىغان ھەر جەڭگە مەن.

شۇ قۇياشلىق دەۋرىمىزدىن تاپتى ئەل چوڭ شان-شەرەپ،
ئىپتىخارىم شۇ زامانغا كۈيچى مەن، سازەندە مەن.

شۇ مۇھەببەتسىز، شۇ مەشئەلسىز، شەرەپسىز بىر مىنۇت—
ياشىسام جەننەتتىمۇ، دەيمەن "دوزاخقا بەندە مەن".

تارىخىم بار شانۇ شەۋكەتلىك شۇ تۇپراق قامۇسى،
مىڭ كىتابلىق دەرس ئالارمەن ھەر ۋاراق كۆرگەندە مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئۇلۇغ تارىختا ۋارىس بولمىسام ئۆمرۈم بويى،
ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى، بولغاندىن تىرىك شەرمەندە مەن.

ئانا تۇپراق توپىسى گويا كۆزۈمگە تۇتىيا،
چۆلدە يۈرسەم ئۆزۈمنى سېزىمەن گۈلشەندە مەن.

سۇلىرى ئابىھايات، كەۋسەر خىجالەت ئالدىدا،
نە ئۈچۈن مۇھتاج بولاي، خۇشتار بولاي زەمزەمگە مەن.

نەگە بارسام ئۆز ئانام قوينىدا مەن، ئۆگەي ئەمەس،
مەيلى خوتەن، مەيلى ئەنشەن، مەيلى تەيخاڭشەندە مەن.

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۆلاھۇ جەندە مەن.

مەنداش قەھرىگە قەھرىم، كۆلكىسى كۆلكەم مېنىڭ،
قايسى غەمدە بولسا ئۇ، مەنمۇ ھامان شۇ غەمدە مەن.

سانجىلارمەن تىغ بولۇپ كىمكى ئۇنىڭغا قىلسا قەست،
دوستىغا دوستلارچە ھەردەم بولىمەن ھەمدەمدە مەن.

راھىتى تۇرماق، جاپالىق پەيتىمۇ راھەت ماڭا،
داتلىسام راھەت ئارا تۇز كور بولۇپ ئۆلمەمدىمەن.

كويىقاپقا قارشى ماڭغان پەھلىۋان ئوغى تۇرۇپ،
قۇترىغان تەتۈر قۇيۇنلار نوقۇسا تەۋرەمدىمەن!

بەختى كۆلمەكتە ۋەتەنىنىڭ، ئەتىمىز ئاندىن گۈزەل،
تۇرسا ئۇ بەرگەن كۆزۈم، شۇ ئەتىنى كۆرمەمدىمەن.

ئۆز نېسىۋەمدەك قۇچاقلايمەن شۇ بەخت رەناسىنى،
ئاسرىغاچقا مەنمۇ جۇتلاردىن ئۇنى مەيدەمدە مەن.

شۇ ۋىسالدىن رىشتە ئۈزگەنلەرنى ئۇچراتسام شۇ چاغ،
نېمە دەر، ئىغۋاسىنى سالسام يۈزىگە شۇندا مەن.

بەختىيار مەن ”مېھرىبان ئوغلۇم“ دېسە مېنى ئانام،
تاپقۇدەكمەن بۇندىن ئارتۇق قايسى بەختنى ئەمدى مەن!

بىر ئۆمۈر باغرىدا تەر تۆكسەم، ئۇنى قىلسام رىزا،
نە ئىمىشدۇر بىر ئۆمۈر، مىليون ئۆمۈر خۇرسەندە مەن.

ئۆلمىدى دەڭلار مېنى، ئۆلسەممۇ ياتسام كۆز يۇمۇپ،
شۇ ئانا تۇپراقتا قېزىلغان ئەزىز قەبرەمدە مەن.

يۈكلىگىن يۈكنى ئانا، مەن تاڭشۇرۇلغان تۇلپىرىڭ،
سەن ئۈچۈن يۈكلەشكە رازى تاغنىمۇ يەلكەمگە مەن.

بار ئۇچۇن سەن مەنمۇ بار، سەنسىز ھاياتىم يوق مېنىڭ،
چۈنكى مەنمۇ سەن بىلەن بىر جاندا مەن، بىر تەندە مەن.

1962-يىل ماي، ئۈرۈمچى.



# جەڭچىنىڭ باغرى

بىر توپ جەڭچى ئۆتتى مەلىدىن،
پۈتۈن مەلە چىقتۇق ئالدىغا.
قۇچاقلىدۇق مۇھەببەت بىلەن
باغرىمىزنى يېقىپ باغرىغا.

نېمانچە ئىسسىق جەڭچىنىڭ باغرى،
نېمە خىسلەت بار ئۇنىڭ باغرىدا؟
شۇ سوئالغا جاۋاب بېرىمەن،
شېئىرىممۇ مۇشۇ توغرىدا.

بىزنىڭ جەڭچى ئەلنىڭ باغرىنى
ئاسراش ئۈچۈن يانماي ئارقىغا؛
ئۆز باغرىنى—ئاشۇ باغرىنى
قالقان قىلغان دۈشمەن ئوقىغا.

ئاشۇ خىسلەت ئەزەلدىن بېرى
بىزنىڭ قوشۇننىڭ ئۇدۇم دەستۇرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ نامى شانلىق جېفاڭجۈن—
قىزىل جۇڭگونىڭ قىزىل ئەسكىرى.

دۈشمەن ئوقى تۇرسىمۇ يېغىپ،
ئۇ ھامان ئالغا كۆكرەك كېرىدۇ.
”نېمە خىسلەت بار باغرىڭدا“ دېسەڭ،
ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ:

”ئانا ۋەتەن ئۈستۈردى بىزنى
ئۆز باغرىغا بېسىپ قۇچاقلاپ.
باغرىمىزنى قىلدى گاڭ-پولات،
ئۆز مېھرىنىڭ ئوتىدا تاۋلاپ.“

1962-يىل.

# لەۋلىرىڭنى شۇ ئۈزۈمگە ئوخشاتتىم

ئوخشايدىكەن دىسەم لېۋىڭنى
مەي باغلىغان ياقۇت ئۈزۈمگە،
رەنجىپ يۈرمە يەنە، باغۋەن قىز،
باشقا مەنە بېرىپ سۆزۈمگە.
ئېسىڭدىمۇ، بولتۇر يازدا بىز
شۇ باراقسان باراڭغا كىرىپ،
شۇ ئۈزۈمدىن ھوزۇرلىنىپ يەپ،
ماختىشۇدۇق زوقىمىز كېلىپ.

سەن شۇ چاغدا دېدىڭ: "ئېسەنگە
بۇنىڭدىنمۇ پىشىدۇ تاتلىق."
بولدى بۇ سۆز خۇددى ۋەدەڭنىڭ
تەنتەنىسىگە چىللىغان تەكلىپ.

كىردۇق بۈگۈن باراڭغا يەنە
چۆمكەپ ئالدى بىزنى باراقسان.

www.uyghurkitap.com

ھەربىر ساپاق مىسالى ھۆكەر،
باراڭ گويا ياپيېشىل ئاسمان.

شەرۋەتكە تولغان ئۈزۈملەرنى يەپ،
زوقۇم بىلەن قادالدىم ساڭا.
ئېسىل ئىكەن قىزىل سايۋىسى،
لەۋلىرىڭنى ئوخشاتتىم شۇڭا.

بار مېھرىڭنى تۆككەن ئىكەنسەن
ئاشۇ ۋەدە، ئاشۇ سۆز ئۈچۈن.
بىلدىم، "سۆزى شېرىن" دېگەن گەپ
چىققان ئىكەن سەندەك قىز ئۈچۈن.

شۇ مېھرىڭدىن شەرۋەت يېتىلدى،
مېھرىڭ دەسلەپ لېۋىڭدىن تامدى...
باغۋەن قىزى، بالىنىڭ ئانىسى،
چۈشەنگەنسەن سۆزۈمنى ئەمدى.

1962-يىل ئاۋغۇست، تۇرپان.



# بۇيلۇقنىڭ تويى

كىمخاب كىيىپ، تەبىئەتنىڭ ھۆسنى ئۆزگەردى،
ئۆز پەسلىگە نۆۋەت ئېلىپ ئالتۇن كۆز كەلدى.
شېرىن ئۈزۈم شەربەت باغلاپ، قىيامغا يەتتى،
شۇ كۈنلەردە ئۈزۈمزاردا توي بولۇپ كەتتى.
ئاشۇ تويدا مەنمۇ شەربەت كانىنى كۆردۈم،
"بۇيلۇق" ئاتلىق ئابىناۋات جامىنى كۆردۈم.
دېڭىز دەيسەن چەكسىز كەتكەن ياپيېشىل باغنى،
چاڭگا-چاڭگا گۆھەر دەيسەن مىغ-مىغ ساپاقنى.
تاڭزىلاردا پۈتنىڭ ئۈچى سىققۇدەك جاي يوق،
قىزلار دەيدۇ: "سېۋەتلەرنى قەيەرگە قويدۇق؟"
"غەم يېمەڭلار!—دەيدۇ بوۋاي، مەغرۇر ۋاقتى چاغ،—
غەنىمەت بۇ بىزگە كەلگەن، 'تالقان تۆكتى چاغ'..."
تارلىق قىلىپ چۈنجىلەرگە چۈنجە قېتىلدى.
ئاسما تىكەن قات-قات شېرىن شەربەت يېپىندى.
باغۋەن خۇشال ئوخشىدى دەپ زەپمۇ ھوسۇلۇم،
دەيدۇ: "قېنى، خالىغانچە يەڭلار، دوستلىرىم!"

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يېگەن چاغدا ياقۇت رەڭلىك "شىلدىر شېكەر"[①] دىن،
مىننەتدارمىز باغۋەن تۆككەن ئۈنچىدەك تەردىن.

1962-يىل سېنتەبىر.

① تۇرپان تەرەپتە ئۈزۈم توغرىلىق "ئانىسى لابدۇر خوتۇن، بالىسى شىلدىر شېكەر" دېگەن تېپىشماق بار.

# ۋەتىنىم شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ

تىڭىرقاش،
تەمتىرەش
بىزگە شۇنچە يات
ھەرقانچە مۇشكۇل سوئال ئالدىدا.
بىز قايسى سوئالدىن قېچىپ
ۋە قاچان
ئۆزىمىزنى ئالغان دالدىغا؟

بىز
قىساسلارغا مىراسخور بولۇپ،
غەزەپ تولغىنىقىدىن تۇغۇلغان ئەۋلاد.
بىز ئاڭلاپ ئۆستۇق تالاي داستاننى،
قۇلىقىمىزنىڭ تۈۋىدە تېخى
بىچارە بوۋايلار توۋلىغان پەرياد.
بىز نىمجان بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەزىل خۇسراۋنىڭ زەھەر تىغىدىن،
ئىككىنچى قېتىم تۆرەلگەن پەرھاد.

تارىخقا قاراڭلار،
ئۇ چاغدا دۈشمەن گويا تاغ ئىدى،
بىز ئۇنىڭ ئالدىدا تىرناقچە ئىدۇق.
مەيلى،
بىزنى كۆزگە ئىلسۇن-ئىلمىسۇن،
بىراق بىز ئۇنى
يەر بىلەن يەكسان قىلماقچى ئىدۇق.

ئىشەنچ—
بىز ئۈچۈن خۇددى جان ئىدى.
چىدام، غەيرەت—
بىرىنچى ياراق.
كۈرەشنىڭ كەسكىن ئىمتىھانىدا،
بىز تاپقان غالىب جاۋاب ئالدىدا
ئۆرۈلدى قانچە توسالغۇ، سوراق.
بىز يېڭنە بىلەن قۇدۇقلار قېزىپ،
جوتۇ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاغنى،
بىنا قىلدۇق زۇلمەت چۆلىدە
ئازادلىق گۈلى ئېچىلغان باغنى.

سەپ سېلىشقىلار ئىزلىرىمىزغا،
شۇنداق باشلانغان بىزدىكى ھايات:
بىزنىڭ كاپىتان
بېلىقچىنىڭ كېمىسىدە تۇغۇلغان ئىدى،
ئۇ بۈگۈن مىليونلار قەلبىدە ماياك.
بىرىنچى جەڭچى سەپكە تۇرغاندا،
قارىماققا ئاددىي بىر ئاشپەز،
لېكىن ئۇ بىر قوشۇننىڭ بېشى.
چەيدۇ بىلەن مىلتىقنى يەڭدۇق
ۋە تەڭ كەلدۇق يۈزگە بىر كىشى.
كىم بىلمەيدۇ،
بۇلاقلاردىن باشلانغان ئىدى
ۋەتەن بويلاپ يامرىغان دولقۇن—
جەڭگاھشەننىڭ قاينام ئۆركىشى.

دەھشەتلىك قىستاڭدا،
چاتقال داۋاندا
ئىزلىرى قالدى ئېغىر سەپەرنىڭ.
يەنئەن تاغلىرىدا،
ئاكوپلىرىدا
بىز ئەمەسمۇ بويىنىنى كەسكەن
قاپساپ كەلگەن ياۋۇز خەتەرنىڭ.
بىز ئەمەسمۇ گەمىدىن چىقىپ،
پەشتاقلارغا قىزىل تۇغ تىككەن.

بىز ئەمەسمۇ ياراتقۇچىسى
ۋەتەننى قۇچقان شانلىق زەپەرنىڭ! ؟

قانلار، ياشلار...
كەتمىدى زايە!
جەڭگىۋار ناخشىغا ئىلھامچى بولدى
بوۋايلارنىڭ پەريادى، ئاھى.
تىلغا كىرگەن قىساس-ئىنتىقام
ياڭرىدى مۇنبەردە غالىب كۈي بولۇپ،
جاكارلانغاندا داھى خىتابى.
دەل شۇ كۈنى
"ئاق ئۆي" تۆرىدە
پۈتۈلدى شەرمەندە مۇسىبەتنامە
ئاچېسوننىڭ ئاق تاش كىتابى.

بۈگۈن يېڭى جۇڭگو كىردى ئون ئۈچكە،
ئۇ كۈرەش بىلەن تۇغۇلغان ئىدى.
ياتقاندىمۇ غالىب ئىدى بۆشۈكتە.
بۈگۈن ھەممىمىز يېڭى لىن زېشۈي،
ئۆلۈم بىز ئۈچۈن
كاڭ بوغۇزىدا ئەپيۇن تارتماق،
ياكى چۆچۈپ مۆكمەك تۆشۈككە.

ئۇئېل سترېت—شۇمپەن ئوردىسى!
ئۇ بىزگە ئاتا دۈشمەن بولىدۇ.
"پەيلىدىن ياندى ئۇ" دەيدىكەنمىز بىز
ئاسمان يەر
ۋە يەر ئاسمان بولىدۇ.
دۇنيادا بولماس مۇنداق تەسادىپ،
ئۇ قانداق دەرۋىشكەن بىز بىلمەيدىغان؟!
بىز ئەخمەق ئەمەس
يولۋاسنىڭ ئېغىز ھېجايتقىنىنى كۆرۈپ،
"ئۇ بىزگە كۈلدى" دەيدىغان!

ئۇ بىر قولىدا زەيتۇن شېخىنى تۇتۇپ،
ھېجىيىپ تۇرغىنى بىلەن،
دۇنيا ئۇچۇن گويا بىر ۋابا
پۈتۈن تۇرغان-پۈتكىنى بىلەن.
ئۇنىڭ بىزدىن يېگەن دەككىسى
كەتمىسىمۇ تېخى ئۇنتۇلۇپ،
تۇرۇدۇ ئەنە بىقىنىمىزدا،
جياڭ جېشى ئاتلىق قېرى قاتىلنى
قوچىقىدا نەپەس ئالدۇرۇپ.
پاچاقلانغان يەلكەنلىرىنى
نەچچە يەردىن ياماپ تاڭدۇرۇپ،
ئاسمانغا كۆتۈردى ئۇنى
قوزغۇنلار بىلەن قاناتلاندۇرۇپ.

تەكەببۇر "ئاق ساراي"،
غادايىما مۇنچە،
قورقمايمىز ھەيۋەڭنىڭ ئالدىدا قىلچە!
قۇزغۇنغا ئورۇن يوق گۈلشىنىمىزدە،
بۇلبۇلغا خاستۇر بۇندا گۈل-غۇنچە.
بىز قېزىپ قويغانمىز يولۇڭغا قەبرە،
قۇرۇقلۇقتا يولۇڭ ئېتىكلىك،
بەسى مۇشكۇل سۇدىن كەلمىكىڭ،
ئاسماندىمۇ ساڭا يارىق بەتلەكلىك.
يوق رەسۋالىقتىن ئۆزگە نېسىۋە
سەن ئۈچۈن بۇ ئۆلۈم يولىدىن.
ئىشەنمىسەڭ،
مەنزىلىڭنى سوراپ كۆر، ئەنە،
"U-2"نىڭ جەسەت كۆلىدىن.

بىز ئىگە زاماننىڭ ئۆتكۈر كۆزىگە،
نۇرنىڭ كۈنلەپ يەتكەن مەنزىلى
بولۇپ قالماقتا بىزگە كۆز يېتىم.
داۋراڭ قىلماي بۇ خىسلەتنى بىز،
"ئاق ساراي"،
سېنى قىلمىش ئۈستىدە
رەسۋا قىلدۇق يەنە بىر قېتىم.
بىز—بۈگۈن يېڭى، قىزىل جۇڭگو بىز،



ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

پەرۋازىمىز ۋاقىتتىن چاپسان.
ئالدىمىزدا دۈشمەن ئۆزىنى
چاغلىسىمۇ گوياكى ئاسمان،
بولىدۇ بەربىر يەر بىلەن يەكسان.

نەدىن پۈتۈلدى بىزگە بۇ خىسلەت،
دۇنيانى ھەيرەتكە سالغان تەنتەنە؟
ۋەتىنىم شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ،
تالاي سوئاللارنى يەشكەندەك يەنە:
بىز بىلەتتۇق شۇنچىلىك ئېنىق
جاھانگىرنىڭ ياۋۇز پەيلىنى.
ۋە دۇنياغا ئارام يوق دېدۇق
تۈگەل ئۈزمەي ئۇنىڭ بوينىنى.
قورققانغا قوش ئۇنىڭ ھەيۋىتى،
بىراق ئۇ چىدالماس باتۇر قەھرىگە.
ئەجەل ئۇنى كۈتۈپ تۇرسىمۇ،
لېكىن ئۆزىچە كىرمەس قەبرىگە.
بىز ياشىدۇق، شۇڭلاشقا ھامان
خام خىيالدىن، غەپلەتتىن يىراق...
بۇ، تارىخنىڭ بەرگەن تەلىمى
ۋە لېنىندىن ئۆگەنگەن ساۋاق.
ئاشۇ ساۋاق بىزنىڭ ئەقلىمىز،
ئاشۇ ساۋاق بىزنىڭ كۈچىمىز.
شۇ ساۋاق بىلەن،

شۇ خىسلەت بىلەن
كونا دۇنياغا كېپەن پىچىمىز.
يېڭى دۇنيانىڭ بەختى پۇتۇلگەن
يېڭىدىن يېڭى تارىخ ئاچىمىز.

1962-يىل سېنتەبىر، ئۇرۇمچى.



# ۋەتەن بايرىمىغا

ۋەتىنىم، ئۆتتى بېشىڭدىن دەرد-ئەلەملەر قانچىمۇ،
زەخمىلىك باغرىڭدا ساق يەر يوق ئىدى ئالقانچىمۇ.

بىنومۇس شۇملار قۇرۇپ ئۇستۇڭدە زۇلمەت تەختىنى،
چىن، ھالال پەرزەنتلىرىڭنى كۆرمىگەن بىر قولچىمۇ.

چىقتى ئاخىر بىر قاراقچى—بىزگە"شاھ"دۇشمەنگە قول،
ئوخشىتالماس مۇنچە خائىنلىقنى ھېچبىر غالچىمۇ.

پۈتتى تاقەت ئاقىۋەت، زۇلمەت تۈنىدە تۇنجۇقۇپ،
بولمىغاچقا جانغا ئارام بىر نەپەس ئالغۇنچىمۇ.

ئۆزدى قەھرىڭ يەلكىنى دولقۇن يېرىپ ساھىلسىرى،
چىقتى بەختىڭگە سېنىڭ ماۋجۇشى ئاتلىق رولچىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتتى تاڭ تۈننى يېرىپ، زۇلمەتنى قوغلاپ ئاقىۋەت،
چىقتى كۈن-ئاپتاپ، بۇلۇت توسقان بىلەن ھەرقانچىمۇ.

پەللىدىن پەللىگە يەتمەكتە قۇچاقلاپ غەلبىنى،
يېڭى ئۇل قۇرماقتا ئاتلانغان قىزىل ئۆتكۈنچىمۇ.

ۋەتىنىم، تويۇڭ بۈگۈن، ئۇن ئۈچكە كىردى ياشلىقىڭ،
قېرى ياۋ قادىر ئەمەس توسماقتا يولنى قىلچىمۇ.

مېۋە بەردى قان بىلەن ھەم تەر بىلەن تىككەن كۆچەت،
ئاسرىغاچقا باغنى چىن ئىخلاس بىلەن باغۋەنچىمۇ.

گۈللىرىڭنىڭ ھۆسنىگە تەڭداش تاپالماي تىل خىجىل،
ياپرىقىڭدىن مىڭ خىجىل ئەپسانىۋى گۈل-غۇنچىمۇ.

ۋەتىنىم، بەختىڭ بىلەن بەختىم ئىچىلدى تەڭمۇ تەڭ،
يوق ماڭا سەندىن بۆلەك سۇلتانلىقىم ئۇلتاڭچىمۇ.

بىل، بۇ ناخشامنى ساڭا قەلبى قىزىللار ئىشقى دەپ،
چۈنكى بىر ئالەم قۇياشنى ئەكس ئېتەر بىر تامچىمۇ.

1962-يىل سېنتەبر.

## زەپەرنامە

—"ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى"نىڭ
4-تومىغا بېغىشلايمەن.

قولۇمغا ئالدىم شۇ كىتابنى مەن،
مۇقاۋا ئاچتىم—دەرۋازا ئاچتىم.
قۇرلارغا يۈگۈرتۈپ كۆزنى بىر باشتىن،
قەلبىمگە سۇمۇردۇم ئاپتاپنى مەن.

بۇندىكى ھەر ھۆكۈم تارىخ بۇيرۇقى،
ھەربىر سۆز-پىكىرنىڭ ئۇلۇغ قامۇسى.
ئۇ، دەۋرىمىزنىڭ زەپەرنامىسى،
ئىنقىلابنىڭ قىزىل بايرىقى.

ئەشۇ تومنىڭ قۇرلىرى—سېپى
يول ئاچتى ئىز بولۇپ پەللىگە باشلاپ.

ۋە ئىشىك ئاچتى غەلىبىگە باشلاپ،
تولغان چاغدا ۋارىقى—بېتى.

شۇ ئىش بويلاپ تالاي يول كەزدۇق،
راھەت بىلدۇق مۇشەققەتتىنمۇ.
يالاڭ ئاياغ قالغان پەيتتىمۇ
ئۆزىمىزنى شۇنچە باي سەزدۇق.

سائادەت ئۈچۈن يانغان ئىشق بىلەن
شۇ بايراقنى چۈشۈرمەي قولدىن،
شۇ ئىز بىلەن ئاداشماي يولدىن،
جەننەتكە كىردۇق شۇ ئىشىك بىلەن.

كومپەيكوم قىلىپ ئۈچ قارا تاغنى،
يەر-جاھاننى سىلىپ زىلزىلىگە،
سەپەر باشلاپ يېڭى مەنزىلگە،
لەپىلدەتتۇق شۇ قىزىل تۇغنى.

يېڭى ئۈلگە بەردۇق جاھانغا،
بۆسۈپ ئۆتۈپ قانچە توساقتىن،
قانچە پېشكەل، قانچە سىناقتىن،
تارىخ سىنىدى مەردنى مەيداندا.

دۈشمەن بەربىر ئەجەل دامىدا،
ئالدىدا ئۇنىڭ قەبرى كولاقلىق،
قانچە قىلسىمۇ كۈنى ساناقلىق،
شۇنداق يېزىلغان زەپەرنامىدا.

بىراق دۈشمەن — بەربىر دۈشمەن،
چېچىدىن تا تىرنىقىغىچە.
ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە
غالجىرلىشىپ قوتۇرىشى جەزمەن.

شۇڭلاشقا بىز غەپلەتتىن يىراق،
بىزگە يولداش سەگەكلىك ھامان.
دۈشمەن بېشىنى ئۈزمەستىن تامام،
قولىمىزدىن چۈشمەيدۇ ياراق.

قىسمەتكە چۈشتى بىزگە بۇ ساۋاق،
قانلىق چېلىشلار ئۇنىڭ بېگچىنى.
شۇ ساۋاق بىلەن ھەربىر جەڭچىنى
باھالايدۇ يەنە ھەر سىناق.

ئاشۇ ساۋاق قىزىل تۇغ بولدى،
ھۆرلۈك ئىزدىگەن قانچە يۈرەككە.
شۇ تۇغدىن ئۈنتى ئېلىپ ئۇلار يۈرەككە،
قۇدرىتى دولقۇنى قەددى تاغ بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ تۇغ بۇگۇن سەپنىڭ ئالدىدا،
ماۋجۇشىمىز كۆتۈردى ئۇنى.
شۇڭا دۇنيا ئاتايدۇ ئۇنى
ماۋجۇشىنىڭ شانلىق نامىدا.

شۇڭا چەكسىز غۇرۇر-پەخرىم،
شۇ ئۇلۇغ ئىنسان ۋەتەنداش ماڭا.
شۇ ئۇلۇغ ئىنسان زاماندىش ماڭا،
تۇغدى ئۇنى ۋەتىنىم، خەلقىم.

1962-يىل ئۆكتەبر.



# ئەسلەش

—شائىر ل. مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ
قىرىق يىللىقىغا بېغىشلايمەن.

ئەسلەيمەن،
هازىر مېنىڭ خىيالىم
يىگىرمە بەش يىلنىڭ ئالدىغا كەتتى.
ئۇ كۈنلەر مېنىڭ بالىلىق چېغىم،
هەجىلەپ ئوقۇيتتىم ئەمدىلا خەتنى.
بىراق ئاڭلىغىنىم شۇنچە ئېسىمدە
لوگوچاۋدا ئېتىلغان توپنى.

ئېسىمدە مېنىڭ،
ئېسىمدە شۇنچە
ئەشۇ كۈنلەرنىڭ قاينام تاشقىنى.
ئېسىمدە مېنىڭ
خۇاڭخې، چاڭجياڭنىڭ قانغا بويىلىپ،

قىساسكاردەك سالغان شاۋقۇنى.
ئېسىمدە مېنىڭ
”ۋەتەن خەۋپ-خەتەر ئاستىدا قالدى،
قوزغال!“ دېگەن يەنئەن خىتابى.
دەل شۇ كۈنى باشلاندى بىزدە
تارىخنىڭ يەنە بىر يېڭى كىتابى.

ئەنە شۇ چاغدا ئىلى دولقۇنى
ئۆركەشلىنىپ،
ھەر يان جۇش ئۇرۇپ،
باشلىۋەتتى يېڭى بىر كۈينى
خۇاڭخې شاۋقۇنىغا ئاھاڭداش بولۇپ.
بۇ ناخشىدىن ئېتىلدى ياۋغا
ئانا ۋەتەننىڭ قەھرى، قارغىشى.
پەرۋاز قىلدى ئالدىنقى سەپكە
ئارقا سەپنىڭ مەدەت، ئالقىشى.
شۇ يېڭى ناخشا ئېيتىلغان چاغدا،
ياڭرىدى بىر ئاۋاز زەپمۇ جۇشقۇنلۇق.
بۇ كىم ئىدى؟
قەلبى يالقۇنلۇق
شائىر لۇتۇن—”قاينام ئۆركىشى“.

٢

ئۇ، بىر يېنىپ تۇرغان ئوت ئىدى،
كىرسىز ئىدى قەلبى، پاك ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تومۇرلىرىدا جوش ئۇرۇپ ئاققان
جوڭگو قېنى شۇنچە ساپ ئىدى.
ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرغان
شىرنىڭ ئوغلى— ئارسلان ئىدى.
ئۇ، كۆڭۈلنىڭ قۇلىقى بىلەن
يولداش لىنىڭ جىلۇ بەرگەن دەرستىن
ماۋجۇشىنى تىڭشىغان ئىدى.
شۇڭلاشقا ھاياتىنىڭ شانلىق يولىنى
باتۇرلارچە باشلىغان ئىدى.

جور بولۇپ ياڭرىدى ئۇنىڭ ناخشىسى
يولداش نى ئېر باشلىغان خورغا.
گويا تىغ بولۇپ ئۇنىڭ قەلىمى
سانجىلدى ئالۋاستى ۋەھشىي قانخورغا.
قاناتلىنىپ ئۇنىڭ ناخشىسى،
ۋەتەنىنىڭ قەھرىمان جەڭچىلىرىگە
ئىلھام بەردى ھەربىر نەپەستە.
ئۇنىڭ مىسرالىرى چوغدەك چېچەكلەپ،
شانلىق كۈرەش قۇربانلىرىنىڭ
قەبرىلىرىگە بولدى گۈلدەستە.

ئۇ ياشىدى كۆكسىنى كېرىپ،
يۈرەككە تېڭىپ ۋەتەن مېھرىنى.
ئۇ ياشىدى شۇ ۋەتەن ئۈچۈن

قالقان قىلىپ ئەزىز باغرىنى.
ئۇ ياشىدى، سامورايلارغا،[1]
خائىنلارغا سانجىپ قەھرىنى.
شۇڭا ئۇنىڭ قەھرى، ئىشەنچى
بىللە قازدى
باتۇرلار بىلەن
غەلىبە كۈنى دۈشمەن قەبرىنى.

شۇ كۈنى، پەللىگە قەدەم باسقاندا،
جۇڭخۇا ئېلىگە قۇچاق ئاچقاندا
سەككىز يىللىق جەڭنىڭ غەلىبىسى،
ئالجىرلىشىپ ئاشتى ھەددىدىن
ياندىن قوپقان ياۋنىڭ غەلۋىسى.
خائىنلارنىڭ ياۋۇز قەستىدىن
يەنە كەلدى قاننىڭ پۇرىقى.
چىقتى يەنە قۇتراپ جۇت بولۇپ،
غۇۋالاشتى كۈننىڭ يورىقى.

ئەنە شۇ چاغدا ئانا ۋەتەننىڭ
بىر پارچىسى—مېنىڭ ئۆلكەمدە

---

[1] ساموراي—شائىر ئۆزىنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا ياپون باس-
قۇنچىلىرىنى ئەشۇ نام بىلەن ئاتىغان.

زۇلمەت قوينونى ئەۋجىگە مىندى.
سۇ ئەكەلگەنلەر خار-زار بولۇپ،
كوزا چاققانلار قاقاقلاپ كۈلدى.
يولداش لىنك جىلۇنى چانغان قىلىچ
لۇتۇننىڭ بېشىغا تەگلەندى ئەمدى.

ھەيۋە قىلدى جاللات دېۋەيلەپ:
"قىزىل پاچاق،
تەسلىم بول ماڭا!"
شائىر مەغرۇر ياندۇرۇدى جاۋاب:
"ۋىجدانىمنى بىر جېنىم ئۈچۈن
مۇنچە ئەرزان ساتمايمەن ساڭا!
سامورايلارغا ئاتقان ئوقۇمنى
ئەمدى سەنلەرنىڭ رەزىل كۆكسۈڭگە
ئاخىرقى دەمگىچە ئاتقىنىم ئاتقان.
بۇ يولدا ئۆلمەيدۇ،
مەڭگۈ ياشايدۇ،
بىر ئەمەس،
بولسا مىڭ جاندىن كېچىپ،
مىڭ جاندىن قىممەت مۇكاپات تاپقان!..."

شۇ بولدى ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى
ئوت بولۇپ قادالدى جاللاتقا كۆزى.
ئۇ ئۆلدى،

ۋەلېكىن ئۆلمىدى زادى
ئىنتىقام ئوتى،
ئۈمىد يۇلتۇزى. . .

ئۇ ياشىدى شۇنداق ئاجايىپ،
ئۇنىڭ ئۆمرى قەدىرلىك تارىخ.
ئۇ، يىللارغا نەق جاۋاب بەردى
جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەنىگە لايىق.
ئۇنىڭ ئېلىدە
(مېنىڭ ئېلىمدە)
زۇلمەتنىڭ يولى كېسىلدى بۈگۈن.
بوۋايلار يېشەلمەي قاڭغىر قاخشىغان
نى مۇشكۈل سوئاللار يېشىلدى بۈگۈن.
بەختىنىڭ باھارى ياشنىدى بۇندا،
نۇرغا چۆمۈلگەن گۈل-گۈلىستاندا
ئۇنىڭ گۈلىمۇ ئېچىلدى بۈگۈن.
ئۇ ئۆلمەيدۇ،
مەڭگۈ ياشايدۇ،
زامانلار ئۇنى سۆيۈپ تىڭشايدۇ.
ئۇنىڭ ئۆلمەس ئېسىل مىراسى
گاڭ قەدەم بولۇپ،
كۈرەش سېپىدە
بىز بىلەن بىللە قەدەم تاشلايدۇ.

1962-يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

## پىشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھەتى

بالام، سەن يېڭى ئەۋلادسەن، تۆرەلگەن مەردۇ مەيداندىن،
زامانەڭ كۈلدى، نۇرلاندى، يورۇقتۇر كەلگۈسۈڭ ئاندىن.
بىلەمسەن، كەلدى بۇ نۇر قايسى ئۇچقۇن، قايسى يالقۇندىن،
ئەمەس ئىنئامى تەلەي بۇ، تۇيۇقسىز چۈشكەن ئاسماندىن.
ئۆتمىڭ تەكتىگە يەتمەستىن يېتەلمەس قەدرىگە ھېچكىم،
چۈشەن چوڭقۇر ئوقۇپ سەنمۇ قىزىل جەڭنامە-داستاندىن.
ئاتاڭمۇ شۇ قىزىل جەڭنامىنىڭ ھەقدارى ھەم شاھىت،
كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىم تامچىدۇر بۇ مىسلى ئوكياندىن.
ھاياتلىققا كېلىپ، ئەقلىم بىلەن دۇنياغا كۆز ئاچسام،
ۋەتەن يوقسۇللىرى مەندەك ئىكەن بەك خار ھايۋاندىن.
ئەجەب ئەزدى قارا ئۈچ تاغ—بىرى چەتتىن بېسىپ باشتىن،
بولاشقانچە ئاڭا ئىككى قارا تاغ قىستىدى ياندىن.
چىدالماي ”داد“ دېسە دەردمەن زۇلۇمدىن ئۆرتىنىپ باغرى،
جازا جاللاتى تىغ ئۇردى ۋە يا جاي بەردى زىنداندىن.
بويالدى بۇ ئانا تۇپراق تۆكۈلگەن بىگۇناھ قانغا،
پەلەكنى قاپلىدى ئىس-دۈت بۇلۇتتەك ئاھۇ ئەپغاندىن.

قۇلاق سالدى بۇ دەردكە نە خۇدا، نە ئەۋلىيا، سۇلتان،
تېپىلدى دەردكە دەرمان قايسى باتۇر، قايسى لوقماندىن؟
نىجاد ئىزدەپ غەرپتىن، ئالدىنىشتىن پۈتتى بىر تارىخ،
بالا، جۇت ياغدى بىز قىچقارمىغان ئالۋاستى ”مېھمان“دىن.
تۇغۇلدۇق قايتىدىن، ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئېلىپ بىز جان،
ئۇيۇشتۇق قىپقىزىل بايراق كۆتۈرگەن سەپكە ھەر ياندىن.
يۈرۈش قىلدۇق ئۇلۇغ ماركس كىتابىدىن تېپىپ بىز يول،
كۆرۈپ مەنزىلنى لېنىن باشلىغان نۇرانە دەۋراندىن.
ئۈمىد شېرىن، بىراق ئۇ ئەجرىسىز بەرمەيدىكەن مېۋە،
شۇڭا جانانغا يەتمەك يوق، دېدۇق، كەچمەي تۇرۇپ جاندىن. . .
گۆدەك-نادان ئىدۇق باشتا، ھودۇقتۇق، تەمتىرەپ ماڭدۇق،
ئېزىقتۇردى ئېزىتقۇ، جىق ئەلەم تارتتۇق زوراۋاندىن.
چىقىپ سەپ ئالدىغا ئاخىر يېتەكلەپ ماڭدى ماۋجۇشى،
زەپەرگە چامدىدۇق ئىبرەت ئېلىپ ھەر قىسما نۇقساندىن.
شۇڭا يولدا خەتەر دەپسەندە، دۈشمەن بولدى شەرمەندە،
پاچاقلاندى زۇلۇم تەختى بوزەكلەر قەھرى—ۋولقاندىن.
ئېلىپ چىقتى بۇ يول بىزنى قاراڭغۇدىن يورۇقلۇققا،
ئېلىپ چىقتى باھارغا قەھرىتان كەزگەن زىمىستاندىن.
بۈگۈن تاغدەك كۆتۈردى قەد ئازادلىقتىن قىزىل جۇڭخوا،
ماكان تاپتى ھالال ئەمگەكچى ئىنسان باغۇ بوستاندىن.
كورەشتە، ئىشتا ئۆملەشتۇق تۈگۈلگەن مۇشت كەبى مەزمۇت،
جاپانى ئەيلىدۇق تەسلىم، ئېلىپ كۈچ بارچە ئىمكاندىن.
زامانغا مېھرىمىز بىزنى ئاجايىب تۆھپىكار قىلدى.
شۇڭا ئۈنمەكتە گۈل ھەر دەم ئەسىرلىك چۆل-باياۋاندىن.

بۇ باغدا باشلىنۋەتتۇق توي، تېتىپ تۈنجى ھالاۋەتنى،
بەخت جامىغا شەربەت تولدۇرۇپ بۇ شەكەرىستاندىن.
بىراق جاي ئالمىسۇن ھەرگىز قانائەت ياكى غاپىللىق،
بۇ تويدا ياڭرىغان شادلىق، ئەلەمسىز كۈلكە-خەنداندىن.
بالام، مەنزىلىمىز پارلاق ۋە لېكىن ئەگرىدۇر ئۆتكەل،
بۇ يول خالىي ئەمەس ھەرخىل توسالغۇ ياكى قاپقاندىن.
راۋا كۆرمەس سائادەت-بەختنى بىزگە كونا، شۇم دۇنيا،
تىلەر بىزگە زاۋاللىق، كەتكۈچە ئاخىرقى دەرماندىن.
ئۇنىڭ نامى جاھانگىردۇر، ئۇنىڭ چوڭ ئوردىسى "ئاق ئۆي"،
قىلار شۇملۇق قۇتۇلدۇرماق بولۇپ تەختىنى بوھراندىن.
ئۇنىڭ پەيلىنى جۇڭگولۇق چۈشەنگەن شۇنچىلىك روشەن،
بىلەر ھوشيار كىشى گۈل پەرقىنى ھەر چاغدا ئازغاندىن.
ئىشەنگەي كىم، يىلان ئۆز زەھرىنى تەرىپلىسە بال دەپ،
ئىشەنگەي كىم، بۆرە چاقاپ كېتىپتۇ دېسە پاقلاندىن.
جاكار قىلغان ئىدى تارىخ: جاھانگىر پەيلىدىن ياناماس!
ھەقىقەت ھۆكمى ھېچ چاغدا يېڭىلمەس پىتنە-يالغاندىن.
شۇ دۈشمەنگۆرگە كىرمەي، ئاجىرىماس پوستىن قىزىل جەڭچى،
بۇ قوللار زادى مىلتىقتىن، بۇ كۆكرەك زادى قالقاندىن.
بۇ ياۋ ئالدىدا بىخۇدلۇق، بۇ ياۋ ئالدىدا تىز پۈكمەك،
بۇ، يانغانلىق قىزىل ئانتتىن، مۇقەددەس ئەھدۇ پەيماندىن.
تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال بۇ دۈشمەن كۆرسە قورقاقنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

سانايدۇ زور ئۆزىنى ئەھرەمەندەك[1] دىۋە پالۋاندىن.
ئۇنىڭ مۇدھىشلىكى كۈچتىن ئەمەس، بەلكى رەزىللىكتىن،
ئۇنىڭ غالجىرلىقى-تەقدىرگە قارشى جان تالاشقاندىن.
بۇرۇنمۇ دىۋە-ئەجدىھانى ھوشيار، مەرد يىگىت يەڭگەن،
چۆمۈلە غەيرىتىدىن باي بولۇپ چىققان سۇلايماندىن.[2]
دېڭىزنىڭ دولقۇنى كۆپ، كېمىنىڭ باردۇر خەتەر-خەۋپى،
چىقالماس زادى قىرغاقتا دېڭىزچى قورقسا بوراندىن.
تىزىلغانمىز بۇ سەپكە باشتىلا قورقۇشنى قوغلاپ بىز،
يېنىش يوق ياۋ بالا ياغدۇرسىمۇ ئوت ياكى توپاندىن.
قىزىل بايراقتا سادىق بىز، ئۆلۈمدۇر بىزگە ئازغۇنلۇق،
چۆچۈپ بىمەنە پەتىۋادىن، تىگىرقاپ ياكى بوھتاندىن.
"سېنىڭ بەختىڭ، غورۇرۇڭ قايسى؟" دەپ، ئوغلۇم،
سوئال قويساڭ،
جاۋابىم شۇ: شۇ بايراقتا ئەگەشتىم، كەچمىدىم ئاندىن!
بۇ سەپنىڭ تۇنجى ئەۋلادى بۇ دۇنياغا ئەمەس باقى،
بىراق بۇ سەپ ئۈزۈلمەس، مەڭگۈ ئايرىلماس شەرەپ-شاندىن.
بۇ سەپتە بىز كۆتۈرگەن تۇغقا، ئوغلۇم، سەنمۇ بىر ھەقدار،
كۆتۈر تىك سەنمۇ بۇ تۇغنى، ھەزەر قىل تۈلكە، شەيتاندىن.

---

① ئەھرەمەن—ناۋائىينىڭ "پەرھاد ۋە شىرىن" داستانىدىكى ئەپسانىۋى دىۋە. ئۇ قانچە ھەيۋەتلىك ياۋۇز بولغىنى بىلەن ئاخىرى پەرھادتىن يېڭىلگەن ئىدى.

② رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، جاھان پادىشاھى سۇلايمان ئۆز خەزىنىسى بىلەن ناھايىتى مەغرۇرلىنىدىكەن. لېكىن ئۇ ئەمگەكچان چۆمۈلىلەر پادىشاھىنىڭ بايلىقى ئالدىدا لەت بولۇپ قالغان.

ئاتا رازى، ئانا رازى ۋە تارىخ ئىپتىخار تاپقاي
بۇ تۇغنى تىك كۆتۈرگەن بارچە ئەۋلاد-قىز ۋە ئوغلاندىن.
ئەگەر كىمكى بۇگۈن يا ئەتە داغ سالسا بۇ بايراققا،
ھېساب ئالغۇسى تارىخ ئۇ يۈزى، كۆڭلى قارايغاندىن.
كۆرۈندى تاغ، "كۆرۈنگەن تاغ يىقىن"، ئۇ قاچمىغاي زادى
بېلى مەھكەم، دىلى نۇرلۇق، ئۈمىدۋار بارچە مەرداندىن.
رەقىپ بۇ يولدا قازسۇن قانچە ھاڭلارنى، ھامان ئاخىر
توسالماس بۇ قىزىل سەپ ئاشىقىنى ۋەسلى جاناندىن.
بوۋايلار: "ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر" دەپ زەپمۇھەق ئېيتقان،
سوراڭ ئىسپات بۇڭا تارىختا ئۆتكەن بارچە كارۋاندىن.
"يازار ھەركىم ئۆزى ئۆز تارىخىنى"، بىل بۇنى، ئوغلۇم،
ئۆمۈرنى مەنىسىز ئۆتكۈزگۈچى قاقشار پۇشايماندىن.
ئۈمىدىم: بول قىزىل بايراققا ئەجدادىڭ كەبى سادىق،
بالاڭغا سەنمۇ تاپشۇر شۇ پېتى، ئاشقانچە داۋاندىن.

1962-يىل نويابىر—دېكابىر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن

ۋەتىنىم، سۆيۈملۈك ئانام سەن،
گۈزەل سەن، باتۇر سەن، دانا سەن.
مەن سېنىڭ باغرىڭدىن تۆرەلدىم،
مەن دەسلەپ ھېس قىلغان دۇنيا سەن.

ۋەتىنىم، بىپايان مۇھىت سەن،
قۇدرەتنىڭ مىسالى دولقۇنۇڭ.
مەن ئۈچۈن مۇھىتتىن كەم ئەمەس،
مۇھىتنىڭ تامچىسى بولغۇنۇم.

ۋەتىنىم، گۈزەللىك گۈلشىنى،
بىباھا ھەر چىمدىم تۇپرىقىڭ.
مەن ئۈچۈن مىڭ باغدىن ئەتىۋا
بولغىنىم بىر گىيا، ياپرىقىڭ.

ۋەتىنىم، سەن تاپقان دانالىق—
زامانىنىڭ ھەقىقەت مۇنبىرى.
ئېلىڭگە مىسلىسىز پارلىدى
ماركسنىڭ، لېنىننىڭ گۆھىرى.

بوزەككە شەپقىتىڭ يۆلەنچۈك،
ياۋۇزلار باغرىغا خەنجەر سەن.
ساڭا يات تەمەننا گۇناھى،
مىننەتسىز ئۇلۇغ سەن، كەمتەر سەن.

مەردانە لەۋزىڭگە سادىق سەن،
يۈكۈڭمۇ ھەممىدىن زىيادە.
شان-شەرەپ سەن ئۈچۈن بەخشەندە،
بۇ ساڭا تارىختىن ئىرادە.

ۋەتىنىم، كۆردۈم مەن ئەتەڭنى،
بۈگۈننىڭ ئەڭگۈشتەر كۆزىدە.
ئۇ ساڭا راسلاپتۇ پاياندار،
تەبەسسۇم جىلۋىسى يۈزىدە.

يولۇڭنى قۇتلىغان شان-شەرەپ
ئەتىنىڭ ئاق كۆڭۈل ئەلچىسى.
قەدىمىڭ، تەنتەنەڭ ساداسى
زامانەم كۈيىنىڭ ئەۋجىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەتىنىم، مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ مەن،
بىر ئۆمۈر شەنىڭنى كۈيلەيمەن.
ئوقۇسام شەنىڭگە باب قوشاق،
شۇ مىنۇت مەن ئۈچۈن توي دەيمەن.

1963-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



# مەلىمىزدىن پويىز ئۆتىدۇ

مەلىمىز ئالدىدىن پويىز ئۆتىدۇ،
مەلىمىز بىزنىڭ تۆمۈريول بويى.
بۇ يەر تەڭ تۇغۇلدى تۆمۈريول بىلەن،
ھەر ئىككىسىنىڭ تەڭ بولدى تويى.

بۇ يەرلەر يېقىندا قاقشال چۆل ئىدى؛
چۈشمىگەن ئەزەلدىن ئادەمنىڭ ئىزى.
بۈگۈن قەد كۆتۈردى يېڭى بىر دۇنيا،
پارلاق ھەم جۇشقۇنلۇق كېچە-كۈندۈزى.

مەلە دەپ ئاتايمىز بۇ يەرنى بۈگۈن،
بىراق ئۇ كەلگۈسى شەھەرنىڭ بېشى.
شۇندىمۇ ئۆتمەيدۇ:
"قايسى شەھەر بۇ؟،
بېيجىڭ كوچىسىمۇ؟"— دېمەي ھېچ كىشى.

مەلىمىز ئالدىدىن پويىز ئۆتىدۇ،
قانلار ئايلانغاندەك گويا تومۇردىن.
بېيجىڭدىن باشلانغان بۇ يولنىڭ بېشى،
بىزنىڭ مەلىمىزمۇ كەلگەن شۇ يەردىن.

1963-يىل يانۋار.

## بەخت باھارى

باھار كەلدى،
ۋەتەن باغرىغا
يېيىلدى يەنە كۆكلەم زىلچىسى.
سالام بېرىپ كەلدى ئېلىمگە
گۈزەل پەسلىنىڭ ئون تۆتىنچىسى.

باھار دەيدۇ:
”پەسىل ئىچىدە
بولسامۇ شۇنچە چىرايلىق پەسىل،
لېكىن سېنىڭ بەختىلىك ئېلىڭ
گۈزەللىكتە مەندىنمۇ ئېسىل...“

ۋەتەندىشىم، ئاڭلا،
بەختىڭگە
باھار شۇنچە ھەۋەس قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئوماق سازەندىلىرى
سېنىڭ نەغمەڭگە تەڭكەش قىلىدۇ.

باھارىدىنمۇ گۈزەل دەۋرىمىز
ئون تۆت يىللىق مەنزىلنى باستى.
بەختىنىڭ توزۇماس گۈلىنى خەلقىم
ئۆمۈرۋايەت چېكىگە قىستى.

باھار زوقلىنىپ سورىدى يەنە:
"بەختىڭ سېنىڭ كەلدى قاياقتىن؟"
جاۋاب بەردىم باھارغا مەغرۇر:
"كوڭچەنداڭ مېھرىدىن—
پۈتمەس بۇلاقتىن..."

ھاياجانغا سالدى باھارنى
شۇ بۇلاقنى كۈيلىگەن سازىم.
شۇڭا باھارمۇ ماڭا قوشۇلۇپ،
قىلدى قىزىل تۇغ ئالدىدا تازىم.

باھار بىلەن ۋەتەنداش، دوستلار
بىللە ئۆتكۈزدۇق ياشلىق تويىنى.
بىز ناخشا ئېيتقاندۇق ۋەتەن شەنىگە،
باھارمۇ تەڭكەش قىلدى كۈيىنى.

1963-يىل يانۋار.

# پولات دۆلدۆل

مەن يەنە تىزىمەن مىسرالارغا سۆز،
قەلبىمگە بىر شېرىن ھېس تولۇپ:
ئەنە، قاراڭ،
شۇنچە ۋاگوننى،
گويا ئىمارەتنى كەينىگە چېتىپ
ۋە ئاڭا شەپقەت، مەدەت توشتۇرۇپ،
يالقۇن نەپەسلىك،
تۇتۇن يايلىلىق
پولات دۆلدۆل كەلدى پۇشقۇرۇپ.
كەلدى ئەنە، مەغرۇر، شادلىنىپ،
شۇ دۆلدۆلنىڭ چۇلۇۋۇر-رولىنى
لاۋجاڭ بىلەن توختى باشقۇرۇپ.
شەھىرىمىزدىكى تۇنجى ۋوگزالدا
ئىستىقبالغا تىزىلدى شەھەر،
تىزىلدى تەنتەنە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىزىلدى ھۆرمەت،
دولقۇنلىرى شادلىق جۇش ئۇرۇپ.

بۇ دۇلدۇلنىڭ خىسلەت، تەرىپى
ئەپسانە ئىدى بۇندا يېقىندا.
كۆز كۆرمىگەن،
قۇلاق ئاڭلىمىغان،
لېكىن سىغمايتتى ئانچە ئېقىلغا.
بۈگۈن، مانا مۇشۇ شەھەرگە
ئاشۇ دۇلدۇل كىرگەندە دەسلەپ،
ھاياجانغا چۆمۈلدۈم مەنمۇ،
كەتتى ئۆتمۈشكە خىيالىم مېنىڭ
ئىختىيارسىز تارىخنى ئەسلەپ.

تېخى تۈنۈگۈن بۇندا سەپەرچى
قىرچاڭغۇ مىنىپ،
كۆنلۈك قەرەلدە
قىر ئاشالماي يۈرگەن تەمتىلەپ.
تېخى يېقىنقى زامان كارۋىنى—
كولدۈرما ئاسقان چۆللەر كېمىسى
كۆز يېتىم مەنزىلگە ماڭغان ھەپتىلەپ.
سەپەرچى كېتەتتى ئىستىغپار ئېيتىپ،

ئۆي ئىچى قالاتتى يېرىم هازىدا.
بۇ تېخى كۆڭۈلگە تەسەللا پەقەت،
ئايلىناتتى تەڭدىن تولىسى
يېرىم هازىدىن پۈتۈن هازىغا.
هە، شۇڭلاشقا
ئوخشىتىشقا ھەقلىق ئۇ زامان
يول ئازابىنى گۆر ئازابىغا.

مانا شۇ يەرگە،
ئاشۇ ئەپسانە،
ئاشۇ ماقال توقۇلغان، كەزگەن
ۋە بۈگۈن كامال تاپقان شەھەرگە
شۇ پولات دۈلدۈلنىڭ يەتتى قەدىمى.
قەلبىمىزدە غۇرۇر قەۋەتلىنىدۇ
دېگەن چاغدا:
ئۇنىڭ ئۇستىسى،
ئۇنىڭ رولچىسى،
ئۇنىڭ ئىگىسى—
ئۆز پۇشتىمىز،
ئۆز خەلقىمىز—جۇڭگو ئادىمى!
ئەمدى ”بۇ چۇشۇممۇ ياكى ئوڭۇممۇ“—
دېگەن تەئەججۇپ ئورۇنسىز هامان.

ئۆز كۆزىگە ئىشەنگەن ئادەم
ئۇنى كۆرگىنىگە قىلمايدۇ گۇمان.

بۇ دولدۇل كەزگەن ۋادىدا ئەمدى
يولۇچى سەپەردىن ئالىماس كايىپ.
ئەمدى تېخىمۇ پانا تاپالماس
مۇزداۋان يا تەكلىماكانغا
ئۇۋىسى بۇزۇلغان تىلسىم-غارايىپ.
تونۇگۇن بۇندا تىلسىم ۋەھىمىدىن
دۇرۇت ئېيتىپ ئۆتكەن خالايىق
دەيدۇ ئەمدى:
"شەرقتىن-غەرب
كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە مەنزىل دېگەن سۆز
دەۋرىمىزنىڭ شەنىگە لايىق!"

بىر چاغلاردا بۇ يەرلەردىمۇ
كەزگەن ئىدى ئاسمان-زېمىننى
قاناتلىنىپ ئادەم خىيالى.
لېكىن ئۇ قانچە پەرۋاز قىلسىمۇ،
كۆڭۈلنى بەزلىگەن شېرىن بىر ئۈمىد
ۋە شۇ ئۈمىدنىڭ چىگىش سوئالى.
بۈگۈن بۇندا خىياللار ئەمەس،

خىسلەتلىك دۇلدۇلدا كەزمەكتە ئىنسان.
سارايىدا كېزىدۇ سەپەرنى بۈگۈن
تۇنۇگۈن ئۆيدە بولغۇچى سەرسان.

بۇ دۇلدۇل بىزگە قانات بېرىدۇ،
چۆلدىمۇ ئابىھايات بېرىدۇ.
بۇ تېخى بەختىنىڭ پەسلى باھارى.
ئالدىمىزدا ياز،
سۈرىمىز دەۋران.
قىزىل تۇغنىڭ پەرۋازى بىلەن،
شانلىق بېيجىڭ ئاچقان ئىز بىلەن،
ئادەم خىيالى تېخى كەزمىگەن
ھەر يۈكسەكلىكتە قىلىمىز جەۋلان!

مانا، بۈگۈن مېنىڭ شەھىرىمگە
پولات دۇلدۇل كەلدى پۇشقۇرۇپ.
كەلدى ئەنە مەغرۇر، شادلىنىپ،
شۇ دۇلدۇلنىڭ چۆلۈۋۇر-رولىنى
لاۋجاڭ بىلەن توختى باشقۇرۇپ.
بىر شاختىكى خۇددى قوش مېغىز—
ئىككى قېرىنداش زوقۇمنى تارتتى،
خۇشاللىقىم تاشتى جۇش ئۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچمەن قەدەھ،
شاراب ئەمەس،
يۈرەك جامىغا
دەۋرىم ئىشقىنى تولۇق توشتۇرۇپ.

1963-يىل 11-يانۋار، ئۈرۈمچى.

# تانسدىكى سۆھبەت

ئالجىر قىزى كەلدى كەچلىك تانسىغا،
بىر چەپ كۆزى نېمىشقىدۇ قىسىقلىق.
ياسىنىپتۇ تاماشىغا زوق بىلەن،
بىراق ياندا تاپانچىسى ئېسىقلىق.

ساز چېلىندى، تارتتى ئۇنى تانسىغا
نيۇ-يوركنىڭ بىر سىپايە مۇخبىرى.
ئارىلىقتا ئۆتكەن سۆزگە گۇۋاھچى—
بولۇپ قالدى ئۇنىڭ يانچۇق دەپتىرى:

—ئويۇن—كۈلكە يارىشقى ياشلارنىڭ،
بىراق سىزنىڭ بىر ئىشىڭىز يوچۇنغۇ!؟
سازغا ئۇسسۇل تەڭكەش بولغان مەيدانغا
قورال ئېسىپ كېلىش قانداق يوسۇن بۇ؟

—تاماشىغا بېرىلگەندە ھەممىنى
ئۇنتۇپ كەتكىن دېمەكچىمۇ مېنى سىز؟
مۇشۇ سۆزنى بىر فرانسۇز بىر چاغدا
ئېيتقانىدى، ئەسلەتتىڭىز شۇنى سىز.

سىزگە ئوخشاش، كۈلۈپ تۇرۇپ مېنى ئۇ
تەشۋىشلەردىن يىراق بول دەپ ئۇندىگەن.
بىراق كۈلكە ئاستىدىكى مۇدھىشنى
ئىككى كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ كۆرمىگەن.

كۈلكىلەرگە مۆككەن مۇدھىش قاراقچى
پەردىسىنى يىرتتى كېيىن تامامەن.
مەنمۇ ئالدىم ئۇندىن ئاچچىق نېسىۋە،
شۇندىن بېرى بىر كۆزۈمدىن جۇدا مەن.

كۆزۈم كەتتى، ئېلىپ كەتتى قەلبىمدىن،
ئېلىپ كەتتى ئۆزى بىلەن غەپلەتنى.
ئەمما ئاچچىق ھەسرىتىمدىن ئويغىنىپ،
تېپىۋالدىم كۆزۈمدىنمۇ قىممەتنى.

ئاشۇ تاپقان قىممەتلىكىم—تاپانچام،
بەلكىم شۇدۇر سىزگە يوچۇن كۆرۈنگەن.
لېكىن بۇگۈن جاندىن ئەزىز بىزگە بۇ،
شۇنىڭ بىلەن بىز قايتىدىن تىرىلگەن.

بۇ نەرسىدىن ئايرىلماسلىق ئادەتقۇ
قاراقچىغا ئۇچراپ تۇرغان ئادەمگە.
چۈنكى بۇنىڭسىز تاماشىنىڭ ئاخىرى
ئايلىنىدۇ مۇسىبەتكە—ماتەمگە.
. . . . . . . .

1963-يىل ئاپرېل، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يارىم بۇ يەردىن كەتكىدەك

ئاڭلىسام، يارىم بۇ يەردىن كەتكىدەك،
ئاشۇ كەتكەنچە مېنى تەرك ئەتكىدەك.
جان سۆيۈنچى، ئامرىقىمدىن ئايرىلىش
زەربە بولدى ماڭا جاندىن ئۆتكىدەك.
مېنى كۆلدۈرگەن ئىدى ئۇ ۋەسلىدە،
ئەمدى ھىجرانىغا سېلىپ ھۆڭرەتكىدەك.
يۈتقىلى شادلىق شارابى يوق ماڭا،
خۇشلىقىمنى قايغۇ يالماپ يۇتقىدەك.
"خوش" دېيىشىنىڭ ئورنىغا ئۇ "خەپ" دېدى،
نېمە قىلدىم قەھرىنى ئۆرلەتكىدەك؟!
ئالدىدا قانچە گۇناھىم بولسىمۇ،
ئاشۇ "خەپ" بولدى جازا خوپ يەتكىدەك.
ياق، گۇناھىم يوق مېنىڭ بۇ ئارىدا
دۈشمەن ئوينايتۇ ئويۇن چەتنەتكىدەك.
ئەمدى مەن ئاچسامىلا دۈشمەن سىرىنى،
تارقىلىپ غەش، ئىش چىرايلىق پۈتكىدەك.

1963-يىل.

# سەيلىدە

ئايلىنىپ تيەنجىننىڭ كوچىلىرىنى،
توختىدۇق بىر باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ.
يەكشەنبە بولغاچقا باغدەك ياسىنىپ،
يۈرۈپتۇ ئادەملەر تاماشا قىلىپ.

يولداش لى مېنىمۇ باشلىدى باغقا،
سەيلىگە ئىنتىلگەن زوقۇمنى بىلىپ.
ۋە لېكىن توختىدى ئىشىك ئالدىدا
سۆزلىدى ئۆتكەننى يادىغا ئېلىپ:

"ئون تۆت يىل ئالدىدا، دوستۇم، بىز ئۈچۈن
بۇ باغنىڭ ئىشىكى ئېتىكلىك ئىدى.
'جۇڭگولۇق ھەم ئىتلار كىرمىسۇن' دېگەن—
تاختىسى بىر ياندا ئېسىقلىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى

ئۇ چاغدا بۇلاڭچى ئەجنەبىي ئۈچۈن
جۇڭگولۇق ئىتتىنمۇ خار بەندە ئىدى.
بىز بىنا قىلغان شەھەرلەر، باغلار
شۇم ئاياغ ئاستىدا دەپسەندە ئىدى.

كېيەتتى بېشىغا بۇ باغنى ئۇلار،
قولتۇقلاپ ئويناش ۋە خوتۇنلىرىنى.
خېنىملار كۆكسىگە كۈچۈكنى تېڭىپ،
ئوينايتتى سۆيدۈرۈپ بويۇنلىرىنى.

ئۇلارنىڭ يۈگەنسىز مەرتىۋىسىنى
مۇتىھەم قانۇنلار كۆتۈرسە قانچە،
بىراق ئۇ بەربىر ئىشچى، دېھقاننىڭ—
ۋىجدانى ئالدىدا پەس ئىدى شۇنچە.

ئەگەر كۈچۈكلەنسە كىمكى ئىت بولۇپ،
نەپ ئىزدەپ شۇملارنىڭ ئاياغ ئاستىدىن؛
يالىسا ئۇلارنىڭ تاپانلىرىنى،
بەلكى جاي بېرەتتى بوسۇغىسىدىن.

ئادەم سۈرەتلىك ئىت بولۇش ئۈچۈن
بىر يولى ۋىجداندىن كېچىش كېرەك، بەس!
بۇ پەقەت خائىنلار ئۈچۈنلا ئاسان،
ۋە لېكىن بىز ئۈچۈن ئۆلمەكتىنمۇ تەس.

قىلىچلار كەسسىمۇ باشلىرىمىزنى،
كىشەنلەر بوغسىمۇ ھوقۇقىمىزنى؛
ۋە لېكىن نومۇستىن ئايرىيالمىدى
ۋەتەنگە سادىق ۋۇجۇدىمىزنى.

شۇ نومۇس ئىدى بىزنىڭ كۈچىمىز،
ساقلىدۇق بىز ئۇنى يۈرەك قېتىدا.
ئۇ بىزگە تۇتقۇزدى قىساس تىغىنى،
تاۋلىدۇق بىز ئۇنى غەزەپ ئوتىدا.

گوڭچەنداڭ باشلىغان كۈرەش يالقۇنى
ئۆرتىدى زۇلۇمنىڭ تاجۇ تەختىنى.
جۇڭگوغا جۇڭگولۇق بولدى خوجايىن،
جاپاكەش يوقسۇللار تاپتى بەختىنى.»

* * *

رەھمەت، يولداش لى!
سىنىڭ سۆزۈڭدىن
سەيلىدىن قايتتىم مەن چوڭ لەززەت بىلەن.
يېزىش كېرەك ئەمدى باغنىڭ ئالدىغا
ئاشۇ سۆزلىرىڭنى ئۆچمەس خەت بىلەن.

1963-يىل 20-ئىيۇل، تيەنجىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# لۆيداغا مەدھىيە

يوق تېخى لايىق سۆز تەسەۋۋۇرىغا،
جەننەت تەرىپىمۇ قالىدۇ پەستە.
مەن كۆردۈم مىڭ جەننەت گۈزەللىكىنى
بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن ھەربىر نەپەستە.

بۇ يەرنىڭ تېغى باغ، يوپۇرمىقى گۈل،
شەھەرمۇ دېڭىز، دېڭىزمۇ شەھەر.
بۇندا يۇلتۇز بىلەن چىراغلار پەرقسىز،
پەرقسىز بۇ يەردە تۈن بىلەن سەھەر.

ئەسىرلەر تۈنجۇقۇپ كەلگەن كىلىتسىز
بۇندىكى گۈزەللىك، بايلىق تىلسىمى.
ئېچىلدى دەۋرىمىنىڭ خىسلىتى بىلەن،
ئېچىلدى بەختتىن ئەلنىڭ گۈلشىنى.

شۇ گۈلشەن شەنگە، لۈيدا شەنگە،
ئېلىمنىڭ شەنگە تەرىپ ئىزدىدىم.
گۈزەللىك، بايلىق. . . قا ياراشقان بەختنى
”ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز“ دېدىم.

1963-يىل ئىيۇل، دالىيەن.



## سىر نەدە

ئەنشەندىن كېتەر چاغدا ئالۋاستىلار
چىدىماي بوزدى زاۋۇت، كاننى ئۆرتەپ.
قالدى شۇ خارابىدىن باشقا يەنە
ياپونچە جاكارلانغان مۇنۇ بىر گەپ:

”كېتىمدۇ بۇ يەرلەرنى گىميا بېسىپ!
بىز دېدۇق، چۇمپۇتۇڭلار بىز دېگەنگە.
جۇڭگولۇق قۇرالمايدۇ بىر مەشىنىمۇ
ئۆتكۈزمەي يىگىرمە يىل، ئاز دېگەندە.“

يەنئەندىن يامرىغاندا يېڭى دولقۇن،
خوش خەۋەر كەلدى يېتىپ چيەنشيەنگىمۇ.
لياۋخېدا ياڭرىغاندا زەپەر مارشى،
باشلاندى يېڭى تارىخ ئەنشەندىمۇ.

بىز باشلاپ ھەممە ئىشنى يېڭىباشتىن،
بىز تاشلاپ قەدەملەرنى يېڭى يولغا،
ياپونلار ئوتتۇز يىلدا ئاران چىققان—
پەللىدىن ئېشىپ كەتتۇق ئۈچلا يىلدا.

ئۈچ يىلنى بىر پەللە دەپ ھېسابلىساق،
ئاشتۇق بىز شۇ پەللىدىن بەشنى بۈگۈن.
كۆرۈسەن بۈنىڭدىنمۇ كارامەتنى
تولغاندا يىگىرمە يىل ئەتە-ئۆگۈن.

* * *

جۇڭگونى خارلىغانلار، پەس كۆرگەنلەر،
(قىلماقچى ئەمەسمىز بىز سىلەرگە دوق)،
خەق قىلغان ئىشنى بىزمۇ قىلالايمىز،
ۋە لېكىن بىزدە بار كۈچ سىلەردە يوق.

قالماڭلار "سىر نەدە" دەپ تەئەججۇپتە،
يوق بۇندا قىلچىلىكمۇ مەخپىيەتلىك.
خىسلەت شۇ: جۇڭگوغا خاس قىزىل بايراق،
خىسلەت شۇ: ئاشۇ تۇغقا ساداقەتلىك.

1963-يىل 4-ئاۋغۇست، شېنياڭ.

# تۈمەنجياڭ بويىدا

قورغاس بويىدىن تۈمەنجياڭغىچە
تالاي دەريا، تاغلارنى كەزدىم.
ھەر مەنزىلنىڭ مۇھەببىتىنى
ھۆزۈرلىنىپ قەلبىمگە يازدىم.

مەن تۇرپاندا ئۈزۈمچى بولدۇم
ۋە بېيجىڭدا كىتاب ئوقۇدۇم.
شىجياجۇاڭدا "بارىكاللا" توۋلاپ،
تۈمەنجياڭدا قوشاق توقۇدۇم.

بۈندىمۇ ئالدىم قەلبىمگە ھۆزۈر،
بەختى كۆلگەن قېرىنداشىمدىن.
يېڭى مېۋىدىن چىققان شارابنى
ئايلاندۇرۇپ ئىچتىم بېشىمدىن.

قىزىلارنى مەن ”ئاباجى“[1] دېدىم
”ئوپپا“[2] دېدى قىزچاقلار مېنى.
تۆكتى ئايىماي مېھر-مۇھەببەت،
قۇچۇپ مېھرىبان قۇچاقلار مېنى.

تۇمىنجياڭ بويىدا مەشرەپ ئوينىدۇق،
سايىمىز چۈشتى دەريا سۈيىگە.
قىزىپ كەتتى ئۇسسۇلمۇ شۇنچە،
تەڭكەش بولۇپ گۈلدۈك كۈيىگە.

جانلار سۆيۈندى نەغمە پەيزىدىن،
كۆڭۈل جامى شەربەتكە توشتى.
گويا تۇمىنجياڭ، تارىم شاۋقۇنى
چاڭجياڭغا جور بولۇپ ناخشىغا چۈشتى.

شۇ ئىناقلىق، مېھر-مۇھەببەت
ھاياتىمىزنىڭ كۈچى، لەززىتى.
بىزگە مەڭگۇ بەخش ئەتتى ئۇنى
گۈڭچەنداڭنىڭ ئۇلۇغ خىسلىتى.

---

① ئاباجى— چاۋشيەنچە ”ئاتا“ دېگەن سۆز.
② ئوپپا— چاۋشيەنچە ”ئاكا“ دېگەن سۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇڭا دەيمىز ئىپتىخار بىلەن:
ياشا گوڭچەنداڭ!
ئارى-ئارى-راڭ،
سورى-سورى-راڭ*

1963-يىل ئاۋغۇست، يەنبيەن.



* "ئارى — ئارى — راڭ، سورى — سورى — راڭ" — چاۋشيەن خەلق ناخشىلىرىدىكى مۇزىكىلىق نەقرات. ئۇ، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى "ئايەي"، "يار-يار"، "هاي-هاي يولەن" گە ئوخشاش زوق-شوقنى ئىپادىلەيدۇ.

## رىۋايەتنىڭ مەنىسى

نېمىشقىدۇ شۇنچە سۇپسۇزۇك
شۇنچە مۇلايىم جىڭپوخۇ كۆلى.
بۇ سوئالغا كونا بىر چۆچەك—
جاۋاب بولغان ئەسىرلەر بويى:

”كۆلنىڭ ئاستىدا ئەينەك بار ئىمىش،
شۇڭا كۆلگە خىسلەت يار ئىمىش...“
بىراق بىر چاغدا ۋەھشىي بىر جاۋلوڭ[1]
تاپماق بولۇپ تىلسىملىق خىسلەت،
كەلگەن ئىكەن دەھشەت ياغدۇرۇپ،
شۇ خىسلەتلىك ئەينەكنى قەستلەپ.

ئەينەككە قول ئۇزاتقاندا ئۇ،
قۇيرۇقىنى تاغلارغا تىرەپ؛

---

[1] جاۋلوڭ—خەنزۇ خەلق رىۋايەتلىرىكى ئاپەت ئەجدىھاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆلنىڭ سۈيى لېيىپ، داۋالغۇپ،
بالا-ئاپەتتىن بېرىپتۇ دېرەك.

كېيىنكى ئۇچۇن ئاپەت يولىنى،
يۇرت مېھرىدىن خىسلەت، كۈچ تېپىپ؛
ئاتلىنىپتۇ تاغ يۈرەك جىگىتەي
باش بولۇپ جەڭگە ئۆزىنى ئېتىپ.

شۇڭغۇپتۇ ئۇ كۆلگە ئوق بولۇپ،
ۋاپا قىلىپ بەرگەن لەۋزىگە.
سۇ ئىچىدە باشلىنىپتۇ جەڭ،
كۆل ھەم ئەتراپ كەپتۇ لەرزىگە.

دەسلەپتە سۇ قىزىل قان بولۇپ،
قارا تۇس ئاپتۇ ئىككىنچى قېتىم.
ئۇزۇن ئۆتمەي سۇمۇ سۈزۈلۈپ،
ئۆز ئەسلىگە قايتىپتۇ ئېقىم.

جەڭنى تۈگىتىپ غالىب جەڭچىدەك
كەپتۇ جىگىتەيمۇ قىرغاققا يېتىپ.
ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپتۇ ئۇ،
ئۈچ قىلىچتا—ئۈچ قېتىم چېپىپ...

* * *

خاھى ئىشىنىڭ، خاھى ئىشەنمەڭ،
بۇ قەدىمدىن كەلگەن رىۋايەت.
بىراق، بۇنىڭ مەنىسى نىمە؟
مەنچە، مەنىسى شۇندىن ئىبارەت:

تەبىئەت ھەم سىخىي ھەم خەسىس،
قالمىغۇلۇق ئاڭا قۇل بولۇپ.
ئەگەر ئىنسان قىلمىسا كۈرەش،
گۈلىستانمۇ قالار چۆل بولۇپ.

بىزگە روشەن تەبىئەت سىرى،
بىز ئۈچۈن يوق تىلسىملىق تۈگۈن.
ھەر قانداق جاۋلۇڭغا تېتىيمىز تولۇق،
بىزدە جەڭتەيلەر ساناقسىز بۈگۈن.

1963-يىل 22-ئاۋغۇست، جىڭپوخۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خوجى

(بېلىقچىنىڭ ناخشىسى)

كىچىكىمدە باشقىلاردىن ئىڭشىغان،
ئىڭشاپ تۇرۇپ ئېغىزىمنى تامشىغان.
”جىڭپوخۇدا بېلىقنىڭ بار بىر خىلى،
خوجى ئاتلىق بېلىقلارنىڭ سەرخىلى.
بىرەر قېتىم ئۆتسە گۆشى گېلىڭدىن،
تەمى ئۇنىڭ كەتمەس زادى تىلىڭدىن.“

* * *

كىچىك ئىدىم، ئىچىمگە بىر ئوت كىردى،
بىر ھالاۋەت كۆرەي دېگەن زوق كىردى.
بار ۋەسلىمنى داڭغا قويۇپ تور ئالدىم،
خوجى ئىزدەپ جىڭپوخۇغا يول سالدىم.
بېلىق تۇتتۇم ئەللىك يىل ئۆز قولۇمدا،
تالاي خوجى كېلىپ چۈشتى تورۇمغا.
خوجى ئۈچۈن تۆكۈلدى كۆپ ئەمگىكىم،

بىراق قورۇق ئارمان بولدى يېمىكىم.
يېيەلمىدىم باغۋەن بولۇپ مېۋىدىن،
سۇ ئىچمىدىم ئەزىم دەريا لېۋىدىن.
چۈشكەن ھامان خوجى مېنىڭ تورۇمغا،
دوغا-يايى توساق قۇرۇپ يولۇمغا،
پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن جار سېلىپ،
تورۇمغىمۇ، ئەركىمگىمۇ تور سېلىپ
سان-ساناقسىز خوجى ئۈچۈن بىر پۇللۇق —
ھەق تۆلىمەي ئېلىپ كەتتى ئۇدۇللۇق.
چۈنكى شۇنداق پەرمان بارمىش ئەزەلدىن:
"پۇقرا بولساڭ بىر گۇناھدىن ھەزەر قىل.
خوجى تۇتساڭ شاھ، بەگلەرگە سوۋغا قىل،
يەيمەن دېگەن نىيىتىڭگە توۋا قىل.
ئۇتۇپ كەتسە ئەگەر خوجى گېلىڭدىن،
ئاز دېگەندە ئايرىلىسەن تىلىڭدىن."

* * *

قورقىنىمدىن ئاشۇ يوغان پەرماندىن،
كەچتىم خوجى يېسەم دېگەن ئارماندىن.
كىچىكىمدە ئاڭلىغانىڭ ھەممىسى
باشقا گەپكەن، باشقىچىكەن مەنىسى.
شۇڭا بەزلەپ تۇتۇپ كەلدىم گېلىمنى،
شۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاپ قالدىم تىلىمنى.

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چاڭبەيشەندە سۇبھى يورۇپ تاڭ ئاتتى،
ئالتۇن قۇياش نۇرلىرىنى يامراتتى.
ئەمگىكىم ھەم ئەركىم توردىن قۇتۇلدى،
بەختىم مېنىڭ قانۇن بولۇپ پۈتۈلدى.
زالىملارنى تەختى بىلەن ئاغدۇرۇپ،
ھېساب ئالدۇق لەنەت ئوقى ياغدۇرۇپ.
ھېساب ئالدۇق خوجى يېگەن گېلىدىن،
شۇم پەرمانىنى جاكارلىغان تىلىدىن.
مەن يوقسۇلغا كۈلدى بۈگۈن زامانە،
خوجايىن مەن، ئۆمرۈم خۇددى شاھانە.
كۆللەر ماڭا: خوجى يەمسەن، مە، دېدى،
دەۋرىم مېنى خالىغانچە يە دېدى.
ئەسلەپ ھازىر مەرتىۋەمنى، تەكتىمنى،
سېلىشتۇرۇپ شاھلىق بىلەن بەختىمنى،
ھاياجاندىن خوجى ئۆتمەي گېلىمدىن،
ناخشا-قوشاق، كۈي تۆكۈلدى تىلىمدىن.

1963-يىل ئاۋغۇست—سېنتەبىر، جىڭپوخۇ—بېيجىڭ.

# مېيخۇا گۇلىگە مەدھىيە

كەتسىمۇ ياز، ئاق چاپانلىق، ئاق ساقاللىق قىش كېلىپ،
خۇش پۇراق مېيخۇا ئېچىلدى باغ ئارا نۇۋەت ئېلىپ.
ئۆتۈنۈپ ئىللىق پەسلنى باشقا گۇللەر پەيزىگە،
قەھرىتاننى تاللىدى ئۇ ئۆزىگە باھار بىلىپ.
يات ئۇنىڭغا جۇت-شۇۋرغان دەھشىتىدىن شۇمشىيىش،
يات ئۇنىڭغا غادىيىش ئۆز بەھرىنى مىننەت قىلىپ.
گۇلباھارنى ئەسلىتىپ مېيخۇا ئېچىلدى رەڭمۇ رەڭ،
گۇل خۇمار دىلغا باھارنىڭ ئىشقىدىن بىر ئوت سېلىپ.

1964-يىل 17-فېۋرال، خاڭجۇ.



# يۇخۋاتەيگە[1] زىيارەت

قىلدىم بۈگۈن گۈل ئارا يۇخۋاتەينى زىيارەت،
تىترەر تېنىم ۋە لېكىن قەلبىمدە مىڭ ھارارەت.
ئۆچتى خىيال كەپتىرىم ئۇن بەش يىلنىڭ ئالدىغا،
چۆكۈپ چوڭقۇر سۈكۈتكە، كۆردۈم گويا كارامەت.
كۆردۈم ئۆلۈم ئالدىدا تۈمەنلىگەن باتۇرنى،
ئەتراپىدا جاللاتلار قۇرغان مۇدھىش ئاسارەت.
جاللات دەيدۇ باتۇرغا: ”گۇناھىڭنى بىلەمسەن،
قىلماقچىمىز بىز سېنى ئىستىغپارغا دالالەت.“
باتۇر دەيدۇ: ”تۇرغاندا جىمى گۇناھ ئۆزۈڭدە،

---

[1] يۇخۋاتەي— ئازادلىقتىن بۇرۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نەنجىڭدىكى ئەڭ مۇدھىش جازا لاگېرى ئىدى. ھازىر بۇ جاي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى.

قاپ كۆتۈرمەك باشقىغا. . ئىمە دېگەن قاباھەت."
جاللات دەيدۇ باتۇرغا: "كۆزۈڭنى ئاچ، نەدە سەن؟
ئالدىڭدا پىل تۇرۇپتۇ، تاكاللاشما، كاساپەت."
باتۇر دەيدۇ: "جۆيلىمە، ئالدىمدا سەن گوياكى
گىژىلدىغان چىۋىن سەن، چىرىلدىغان ھاشارەت."
جاللات دەيدۇ: "نېمىشقا مۇنچىۋالا جېنىڭ چوڭ؟"
باتۇر دەيدۇ: "پۈتۈلگەن ۋۇجۇدۇمغا جاسارەت."
جاللات دەيدۇ: "ھەي جاھىل، بۇنى ساڭا كىم بەردى؟"
باتۇر دەيدۇ: "خەلقىمگە، ئىنقىلابقا ساداقەت."
جاللات دەيدۇ: "ئىنقىلاب سېنىڭ ئوقەت-كەسپىڭمۇ،
ھېسابىڭچە قانچىلىك كەلگەي ساڭا تاپاۋەت؟"
باتۇر دەيدۇ: "ئىنقىلاب ۋىجدان ئىشى، سودا ئەمەس،
قىلماق ئۆلۈم بىز ئۈچۈن ۋىجدان سېتىپ تىجارەت."
جاللات دەيدۇ: "دۇنيادا مەقسەت نېمە سەن ئۈچۈن،
ئىزدىمەمسەن ھېچ پايدا، كۆزلىمەمسەن ھېچ راھەت؟"
باتۇر دەيدۇ: "مەقسەت شۇ: ئەمگەكچىنى قول قىلغان—
كونا، چىرىك دۇنياغا سالماقچىمىز ھالاكەت.
مېنىڭ راھەت، پايدامنىڭ ھېسابىغا سان يەتمەس،
ئاچقان چاغدا كەڭ قۇچاق ئەمگەكچىگە سائادەت."
جاللات دەيدۇ: "سەپىرىڭ بارسا كەلمەس يول ئىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىستخانىسى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق راھەت، پايدىغا كىم بەرمەكچى ئىجازەت؟“
باتۇر دەيدۇ: ”ئىنقىلاب ئەمەس تەلەپ، ئىلتىماس،
ئەمەس ياكى ئىبادەت، تىلەيدىغان ئىجابەت.
قورققان كىشى زەھەردىن ئالالامدۇ بال-ھەسەل،
كەتمەن چاپماي ھېچقاچان ھوسۇل بەرمەس زىرائەت.
ئۇرۇق چاچتۇق بىر ئەۋلاد ئىنقىلابتىن مەيدانغا،
بىزلەر ئۆلسەك، پەرۋىرىش ئەۋلادلارغا ئامانەت.
خاھ كۆرەيلى، كۆرمەيلى ھوسۇل پەيتى خامانىنى،
روھىمىزنى كۈلدۈرەر شۇ چاغدىكى دارامەت.“
جاللات دەيدۇ: ”سۆزلىرىڭ شۇنچە يىراق ئەقىلدىن،
ئاڭلىغاندەك بولدۇم مەن ئەپسانىۋى رىۋايەت.“
باتۇر دەيدۇ: ”راست دەيسەن، بۇ سۆزۈمنىڭ تەكتىگە
چۈشەنمەيدۇ ئەقلىگە نەپسى مىنگەن ھاماقەت.“
جاللات دەيدۇ تىپچەكلەپ: ”زەھەر ئىكەن سۆزلىرىڭ،
ياخشىلىقچە تىز پۈكۈپ تىلىسەڭچۇ ئادالەت.“
باتۇر دەيدۇ: ”ئادالەت بولسا ئەگەر سەنلەردە،
مۇشت كۆتۈرمەك سەنلەرگە بىر ئەر ئۈچۈن نەھاجەت!“
جاللات دەيدۇ: ”پۈتكەنمىز ئادالەتنى قانۇنغا،
دەستۇر بىزگە ھەرقاچان ئەدەب، ئىنساپ، دىيانەت...“
باتۇر دەيدۇ: ”داڭلىما رەزىل نەيرەڭنامىنى،

هەر قۇرنىڭ ئاستىغا مۆككەن مۇدھىش خىيانەت.
سەن داڭلىغان ئادالەت بەردى شۇنداق نىسۋە
جاللاتلارغا پاراغەت، گۇناھسىزغا تالاپەت.
بىز ئاتلاندۇق مەيدانغا تاشلاپ قۇرۇق خىيالنى،
يالماۋۇزدىن ئىنسانغا كەلمەيدۇ دەپ راپاۋەت.
بەختىمىزنى كۆردۇق بىز ھايات-مامات جېڭىدىن،
دۇنيا بىزگە مەدەتكار، تارىخ بىزگە كاپالەت.“
جاللات دەيدۇ: ”بۇ سۆزۈڭ قىچقىرىشقۇ ئۆلۈمنى،
باشقا سۆز قىل، بىر جېنىم قالسۇن دېسەڭ سالامەت.“
باتۇر دەيدۇ:”ئويلامسەن سەن ئۆزۈڭدە جان بار دەپ،
جان بەرسەڭ دەپ مۇردىدىن كىم كۈتۈپتۇ ساخاۋەت؟!“
ئاغزى كۆيۈپ جاللاتنىڭ ئىشقا سالدى كالتەكنى،
”دالالەت“تىن نەپ چىقماي، تىغ كۆتۈردى جاھالەت.
جاللات ئېلىپ قىيناققا، دەيدۇ: ”قىلدىڭ ئۆزۈڭگە،
ۋىدالاشماق پەيتىڭدۇر ھاياتىڭدىن شۇ سائەت.“
باتۇر دەيدۇ: ”مەن ئۆلسەم كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلىمەن،
قان يىغلىتار سەنلەرنى زىممەڭدىكى جىنايەت.
مەن ئۆلىمەن زۇلۇمدىن، تىرىلىمەن شەرەپتىن،
سەن ئۆلسەن گۇناھتىن، كۆمۈلسەن نىجاسەت.
سەنلەر بۈگۈن سەكراتتا، ئۈمىدىڭ يوق ئەتىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەر بىر رەزىل قىلمىشىڭ شۇ مەنىدىن ئىبارەت.
بىزلەر ئۆلسەك بىرىمىز، تىرىلمىز مىڭىمىز،
قىزىل بايراق ۋەتەندە لەپىلدەيدۇ داۋامەت.
تۈن پەردىسى يىرتىلدى، ئەنە چولپان، ئەنە تاڭ،
بەردى يەنئەن خىتابى نۇر-ئاپتاپتىن بىشارەت.
سالام، قىزىل بايراقلىق، مىلتىق تۇتقان قىزىل سەپ!
سالام، قىزىل غەلىبە، يۈكسەل، تاپقىن كامالەت!
سالام، ساڭا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئۇل تاشتىن،
قوبۇل قىل، ئەي ئەتىكى يۈكسەك قىزىل ئىمارەت! . . . "
زۇلمەت تىغى سانجىلىپ، ئۆلۈم يۈتتى باتۇرنى،
ئۇ كۆمۈلدى ناخشا ئېيتىپ، قىلماي ھېچبىر نادامەت.
ئۇنىڭ ياڭراق ناخشىسى زىندانلارنى تىترىتىپ،
ئۇلۇغ بوران مارشىغا تەڭكەش بولدى ئالامەت. . .
چىقىپ بوران جۇشقۇنسەندە يەر-زېمىننى سىلكىدى،
جاڭنەندىمۇ ئېچىلدى يېڭى سەھنە، قىياپەت.
باھار بىلەن گۈل بولدى يۇخۇاتەيدە تاغۇ تاش،
بۇ، قۇربانلار قېنىدىن گۈل ئۈنگەنگە ئىشارەت.
تارىخ دەڭلار بۇ گۈلنى، ھەر بەرگى بىر ۋاراقتۇر،
سۆزلەيدۇ ئۇ دەرۋىشنىڭ باش بابىدىن ھېكايەت.
بىز چۈشەندۇق: قىزىلگۈل-قىزىل قاننىڭ ھوسۇلى،

قۇربانلارنىڭ ئەجرىدۇر بىزنى قۇچقان پاراغەت.
تارىخ بەرگەن ساۋاقلار بىزنىڭ ئەقىل غەزنىمىز،
قوشكېزەكتەك مەۋجۇتتۇر جاپا بىلەن ھالاۋەت.
ئۇنتۇمايمىز تارىخنى، چۈشەنگەنچە تارىخنى،
ۋۇجۇدىمىز توپلايدۇ يېڭى كۈچ ھەم پاراسەت.
كۆچىمىزنىڭ يىلتىزى خەلقىمىزگە مۇھەببەت،
ئەقلىمىزنىڭ مېغىزى قىزىل تۇغقا ساداقەت.
ھە، شۇڭلاشقا بىزلەرنى قورقۇتالماس ھېچ ھەيۋە،
ئېرىتەلمەس ھېچقاچان مىڭ بىر ھىيلە، خۇشامەت...

1964-يىل فېۋرال-مارت، نەنجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: خۇدابەردى خېلىل

# تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت رەھىم

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ۋە تارقاتقۇچى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64228007)
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1997-يىل 7-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1997-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 10.50 يۈەن

مۇقاۋىنى جەن يى ئىشلىگەن

كىتاب ئىسمىنى دولقۇن قادىر يازغان

شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس،

مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى بەس.

پىكىر يۈرىكىم، مىسرالار تومۇر،

ھەرپلەر قېنىم، ۋەزنلەر نەپەس.

ISBN 7-105-02785-1

9 787105 027859 >

ISBN 7—105—02785—1/I·674

民 文(维 115)定价:10.50元